نويابىر 2025
ئومۇمىي 75-سان

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*



ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

نويابىر 2025 — ئومۇمىي 75 -سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.




باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئازادئاي غەيرەت

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇب.**

6 009800 461091 >

UYGHUR PROJECTS FOUNDATION

## 75 ـ ساندىكى ئەسەرلەر


| ئەسەر ئىسمى | ئاپتورى | بەت |
| --- | --- | --- |
| سىز خىتاي ھەققىدە ئېيتالمايدىغان يەتتە ئىش | توم كاتىن | 1 |
| مەۋجۇدات ۋە ئاللاھ: ئىبنى سىنانىڭ «سىددىقىين ئىسپاتى» | | 11 |
| قوماندان تۆمۈر ئېلىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قالدۇرۇپ كەتكەن ھىممەتلىك ئوغلى خېۋىر تۆمۈر | ھاجى ئەكبەر | 20 |
| تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمى دېگەن نېمە؟ | | 32 |
| خىتاي ھەققىدە نېمىلەرنى ئېيتىش كېرەك؟ | | 37 |
| كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلىك دېگەن نېمە؟ | برىندون ماروتتا | 44 |
| ياپونىيەنىڭ «تۆمۈر خانىمى» ۋە تۈنجى ئايال باش ۋەزىرى سانائى تاكايىچى كىم؟ | ئېرىن ھېيىل | 48 |
| ئەزالىق تۈزۈمىدىكى سودا ئەندىزىسى | جۇلىيا چانترەي | 53 |
| خىتاي ـ ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كەلگۈسىگە بىر نەزەر | سارا ھاسۇ | 59 |
| ئىلھام ۋە ئىنتىزامدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش | گېيب سكورج | 65 |
| دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياپونىيەنى خىتايدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسىدە ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى | | 75 |
| ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش ماھارىتى ۋە ئۆگىنىش ئادىتى | | 78 |
| دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار | | 83 |

سىياسەت

# سىز خىتاي ھەققىدە ئېيتالمايدىغان يەتتە ئىش




توم كاتىن

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى سېناتورى

# سىز خىتاي ھەققىدە ئېيتالمايدىغان يەتتە ئىش

تومكاتىن

(بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى توم كاتىن <Tom Cotton> ئامېرىكا فېدېراتسىيە كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئاركانزاس شتاتىغا تەۋە ئەزاسى بولۇپ، ھازىرقى ئامېرىكا سىياسىتىدىكى تەسىر كۈچى ئەڭ زور سىياسەتچىلەرنىڭ بىرىدۇر. توم كاتىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، شۇنداقلا ئامېرىكا ئارمىيەسىدە ئوفىتسېر بولۇپ ئىراق ۋە ئافغانىستاندىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. كاتىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە نىسبەتەن ئىنتايىن قاتتىق ۋە مۇرەسسەسىز مەيدان تۇتىدىغانلىقى، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلىدىغانلىقى بىلەن تونۇلغان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاساسلىقى ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى قۇدرىتىنى ساقلاپ قېلىش، تاشقى سىياسەتتىكى تەھدىتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ۋە خىتاينىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك تەسىرىنى چەكلەش مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىدۇ. بولۇپمۇ كورونا ۋىرۇسىنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ۋە خىتاينىڭ يۇقۇمدىكى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش مەسىلىسىدە ئىزچىل تۈردە ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ كەلگەن ئەڭ نوپۇزلۇق سىياسىي ئەربابلارنىڭ بىرىدۇر.)

## مۇقەددىمە

كورونا ۋىرۇسى يۇقۇمىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە، تېخى كۆپىنچە ئامېرىكىلىقلار ۋۇخەننىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان چاغدا، مەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يەنە بىر قېتىم يالغان سۆزلەۋاتقانلىقى ھەققىدە جەزمىي خۇلاسىگە كەلگەن ئىدىم. 2020 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، خىتاي دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا ۋۇخەن ئەتراپىدا ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى مەلۇم قىلغان ۋە بۇ يۇقۇمنى كونترول

قىلىپ بولغانلىقىنى دەۋا قىلغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋۇخەن ئەتراپىدا ئىنتايىن قاتتىق قامال قىلىش ۋە ئايرىپ تەكشۈرۈش تەدبىرلىرىنى داۋاملاشتۇردى، نۇلدىن باشلاپ دالا دوختۇرخانىلىرىنى قۇردى، ماسكا ۋە ئوپېراتسىيە پەلەيلىرىگە ئوخشاش مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى بولۇشىغا زاپاس بېسىۋالدى، ھەتتا جەسەت كۆيدۈرۈش ئورۇنلىرىمۇ كېچە - كۈندۈز توختاتماستىن ئىشلەپ تۇردى (يەنى يۇقۇمدا ئۆلگەن جەسەتلەرنى توختىماي كۆيدۈرۈپ تۇردى.) بۇلار ھەرگىزمۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۆز كونتروللۇقىدا ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىسى بار بىر ھۆكۈمەتنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ئەمەس ئىدى.

مەن ۋۇخەن كورونا ۋىرۇسى مەسىلىسىدە ئىلىم - پەن بىلىملىرىگە ياكى مەخپىي ئاخباراتلارغا ئەمەس، بەلكى ئاددىي ئەقلىي ساۋاقفا تايىنىپ بالدۇر سىگنال بەردىم. مەن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دەۋالىرىغا ھەرگىزمۇ تېزلا ئىشىنىپ كەتمەيتتىم. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئېيتقان سۆزلىرىگە زىت كەلگەندە ۋە يۇقۇم ھەققىدىكى مۇھىم ئۇچۇرلارنى يوشۇرۇشقا باشلىغاندا، مەن ئۇلارنىڭ يامان غەرەزدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن شۇ دەسلەپكى كۈنلەردە بىر قانچە ئەقلىي ساۋاقفا ئۇيغۇن كۆزىتىشلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان چاغدا، خىتايىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئامېرىكىدىكى خىتاي ئاقلىغۇچىلىرىنىڭ ماڭا قايتۇرغان تەلۋىلەرچە ئىنكاسلىرىنى كۆرسىڭىز ياكى ئاڭلىسىڭىز، مېنى خۇددى كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشىدەك ھېس قىلاتتىڭىز. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا ئاۋازىمنى ئۆچۈرۈشكە ۋە ئىدىيەلىرىمنى بېسىشقا ئۇرۇندى. مەن (بۇ ۋىرۇسنىڭ دۆلىتىمىزگە زىيان سالماسلىقى ئۈچۈن) ئالدى بىلەن خىتايدىن ئامېرىكىغا كېلىدىغان سەپەرنى چەكلەشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ترامپ ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرىغا قىلغان تېلفۇنلىرىم، يازغان خەتلىرىم ۋە ئاشكارا باياناتلىرىمدا، مەن ئۇلارنى بۇ ئەقەللىي ساۋاقفا ئۇيغۇن قەدەمنى بېسىشقا ئۈندىدىم. چۈنكى، خىتاي ئاللىبۇرۇن ۋۇخەندىن چىقىدىغان سەپەرلەرگە ئۆزى چەكلىمە قويۇپ بولغان ئىدى.

ئەمما ئامېرىكا دۆلەتلىك زىيادە سەزگۈرلۈك ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىرى ئانتونىي فاۋچى بۇ تەكلىپىمنى «كۇلتۇرەل خاسلىقلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق» دەپ تەنقىد قىلدى. جو بايدىن بولسا پىرېزىدېنت ترامپ خىتايدىن كېلىدىغان سەپەرنى چەكلەشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بۇ چەكلىمىنى «تەلۋىلىكنىڭ، ياتلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشنىڭ ۋە ۋەھىمە تارقىتىشنىڭ مەھسۇلى» دەپ ئەيىبلىدى. كېيىنچە بايدىن بىلەن فاۋچى ھەر ئىككىسى بۇ مەيداندىن ياندى. لېكىن دىققەتكە سازاۋەر نۇقتا بۇ ئىككىيلەننىڭ خاتالاشقانلىقىدا ئەمەس — چۈنكى ئۇلار دائىم خاتالىشىپ تۇرىدۇ — بەلكى ئۇلارنىڭ تۇنجى ئىنكاسىنىڭلا خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ئاقلاشقا ئۆتۈپ، تەنقىد قىلغۇچىلارغا ھۇجۇم قىلىشىدۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل پوزىتسىيە ھەرگىزمۇ ئايرىم بىر ۋەقە بولۇپ قالماستىن، ئاللىبۇرۇن شەكىللەنگەن بىر خىل كەيپىياتنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

چۈنكى مېنىڭ باياناتىمنىڭ ئارقىسىدىنلا، ۋاشىنگتوندىكى نۇيۇزلۇق سىياسىي قاتلام مەن ۋە باشقىلارنى ۋىرۇسنى «ۋۇخەن كورونا ۋىرۇسى»، «خىتاي ۋىرۇسى» ياكى «ۋۇخەن زۇكامى» دەپ ئاتىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئەيىبلىدى. مەن بۇ تالاش - تارتىشنى ھېچقاچان چۈشىنىپ باقمىدىم. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە ۋىرۇسلارنى شۇ كېسەللىك كېلىپ چىققان دەپ گۇمان قىلىنغان جايلارنىڭ نامى بىلەن ئاتاش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. غەربىي نىل ۋىرۇسى، ئاسىيا زۇكامى، شىياڭگاڭ زۇكامى، ئېبولا ۋە زىكا ۋىرۇسى قاتارلىقلار بۇنىڭ بىر قانچە مىسالى، خالاس. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر بۇنداق ئاتاش خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قالسا، دەرھاللا كۈچلۈك ئېتىراز ۋە غەزەپ - نەپرەت دولقۇنى قوزغىلىدۇ.

كېسەللىكلەرنى كونترول قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى روبېرت رېدفىلد (Robert Redfield) بۇ ئاتالغۇلارنى «تۇيۇتىن خاتا ۋە نامۇۋاپىق» دەپ ئاتىدى. ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى نەنسى پېلوسى (Nancy Pelosi) بولسا بۇ ئاتالغۇلار «ھەممىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ» دېدى. كېڭەش پالاتا ئەزاسى چاك شۇمېر (Chuck Schumer) بۇ ئاتالغۇلارنى «قوپال، نەپرەتلىك ۋە تەرەپباز ئاتالغۇ» دەپ سۈپەتلىدى. ئاساسلىق گېزىتلار ۋە خەۋەر تورلىرىمۇ بۇ ئەيىبلەشلەرگە ئاۋاز قوشتى. جو بايدىن پرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن، جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن دەل جايىدا بولغان بۇ ئاتالغۇلارنى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشلىتىشىنى چەكلىدى. بۇ يەردىكى قوش ئۆلچەم ئىنتايىن ئېنىق بولۇپ، بۇ يەنە بىر قېتىم خىتايغا نەپ ئېلىپ كەلدى.

ئاخىرىدا، مەن يۇقۇم ھەققىدە تىلغا ئېلىنىشى ئەڭ مەنىئى قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىنى — يەنى ۋىرۇسنىڭ تەجرىبىخانىدىن سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى — ئوتتۇرىغا قويغان تۇنجى دۆلەت رەھبىرى بولدۇم. ئەسلىدە ئەقىللىق ساۋاقتا ئۇيغۇن بۇ كۆزىتىشنىڭ تالاش - تارتىش قوزغىشىغا تامامەن ھاجەت يوق ئىدى. ۋۇخەندە خىتاينىڭ ئەڭ خەتەرلىك «دەرىجىدىن تاشقىرى تەجرىبىخانىسى» مەۋجۇت. ئۇ تەجرىبىخانىدا تەتقىقاتچىلار شەپەرەڭ مەنبەلىك كورونا ۋىرۇسلىرىنى تەتقىق قىلاتتى. شۇ تەجرىبىخانىدىكى بىر مۇھىم تەتقىقاتچىنىڭ لەقىمى ھەتتا «شەپەرەڭ خانىم» ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى ئىككى يىل بۇرۇنلا شۇ تەجرىبىخانىدىكى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنىڭ بوشلۇقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن ئىدى. بۇ ئەھۋال خىتاينىڭ تەجرىبىخانا بىخەتەرلىكىنىڭ ناچارلىقى ۋە ئامىۋى سەھىيە كرىزىسى ھەققىدە يالغان سۆزلەشتىن ئىبارەت ئۇزۇن تارىخى بىلەن ئېچىنىشلىق دەرىجىدە ماس كېلەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋۇخەننىڭ ئەتراپىدىكى يۈز مىللىق دائىرە ئىچىدە شەپەرەڭلەرنىڭ ھېچقانداق تەبىئىي ماكانى يوق ئىدى. ۋۇخەندىكى «ھۆل بازار» دا (يەنى «تىرىك بېلىق، يېڭى سويۇلغان ھايۋانات گۆشلىرى سېتىلىدىغان بازاردا) خىتاي كوممۇنىستلىرى يۇقۇمنىڭ ئاساسلىق جاۋابكارى دەپ تامغا باسقان

شەپەرەڭ ياكى پانگولىنلارنىڭ (pangolin) ھېچقايسىسى سېتىلمايتتى. كۆتكىنىمىزدەكلا، خىتاي ئالىملىرىنىڭ دەسلەپتە ئېلان قىلغان بىر دوكلاتىدا، تۇنجى بايقالغان يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ بازار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغانلىقى بايقالغان. قىسقىسى، بارلىق دەلىل - ئىسپاتلار باشتىن - ئاخىر ۋىرۇسنىڭ تەجرىبىخانىدىن سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىگە ئىشارەت قىلاتتى.

(مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئوچۇق مەيدانىم سەۋەبلىك) خىتاي كوممۇنىست ئەمەلدارلىرى مېنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. خىتاينىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مېنى «سېپى ئۆزىدىن تەلۋە» دەپ ئەيىبلىدى. ئۇ «گۇمانغا بىنائەن پىتنە چىقىرىپ، بۇ پىتنىلەرنى خەلق ئارىسىدا تارقىتىش ئىنتايىن زىيانلىق ۋە خەتەرلىك» دەپ بايانات بەردى. ئۇ يەنە سەممىيەتسىزلىك بىلەن، بۇ نەزەرىيەنىڭ «ئىرقچىلىق» ۋە «ياتلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش» قا تۇرتكە بولىدىغانلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ۋۇخەن تەجرىبىخانىسىنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى — يەنى شۇ تەجرىبىخانىنىڭ پارتىيە كومىتېتى سېكرېتارى — مېنى «قەستەن كىشىلەرنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ» دەپ، غەزەپلىك تىللار بىلەن ئەيىبلىدى.

مەن خىتاي كوممۇنىستلىرىدىن دەل مۇشۇنداق قىلىشنى كۈتكەن ئىدىم. ئەمما، («خىتاي ۋىرۇسى»، «ياكى ۋۇخەن ۋىرۇسى» دەپ ئاتاش تەشەببۇسىغا قارشى) ئامېرىكا سەرخىللىرىنىڭ، بولۇپمۇ تاراتقۇلارنىڭ قوزغىغان نارازىلىق ھۆركىرەشلىرىمۇ خىتاينىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتى، نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى، NBC، CNN، MSNBC تېلېۋىزىيە تورلىرى ۋە نوپۇزلۇق تىببىي ژۇرنال «لانسېت» (The Lancet) تىكى يىگىرمە يەتتە نەپەر ئالىمنىڭ ھەممىسى تەجرىبىخانىدىن سىرتقا ئېقىپ كېتىش پەرىزىنى بىردەك ھالدا «سۈيىقەست نەزەرىيەسى» دەپ ئەيىبلىدى. خافىڭتون پوچتىسى گېزىتى (The Huffington Post) بولسا «كورونا ۋىرۇسى ھەققىدە كېڭەش پالاتا ئەزاسى توم كاتىننىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشقا بولمايدۇ»، «كېڭەش پالاتا ئەزاسى توم كاتىن كورونا ۋىرۇسى ھەققىدىكى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان نەزەرىيەنى يەنىلا بازارغا سالماقتا» دېگەن ماۋزۇدىكى ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. ئامېرىكا دۆلەتلىك ئامموۋى رادىيو ئىستانسىسى (NPR) مۇنداق دېدى: «ۋىرۇس تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، يېڭى كورونا ۋىرۇسىنىڭ خىتايدا ياكى باشقا بىرەر يەردە تەجرىبىخانا ھادىسىسى سەۋەبىدىن تارقىلىپ كېتىش ئېھتىماللىقى يوقنىڭ ئورنىدا.» خىتاينىڭ ئاقىلغۇچىلىرى ماڭا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئاۋازىمنى ئۆچۈرۈشكە ئالدىراش بولىدا، ئېھتىياتچانلىقنى، بىلىشكە بولغان قىزىقىشنى ۋە ئەڭ ئاساسلىق پاكىتلارنى پۈتۈنلەي بىر چەتكە قايرىپ قويدى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇلار بۇ نۇقتىلارنى ئاستا - ئاستا ۋە خالىماي تۇرۇپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.

تەخمىنەن بىر يىلدىن كېيىن، ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى ئۆزىنىڭ «توم كاتىن كورونا ۋىرۇسى ھەققىدىكى ئاللىبۇرۇن ئاساسسىز دەپ ئاغدۇرۇپ تاشلانغان بىر سۇيىقەست نەزەرىيەسىنى تەكرارلاپ كەلمەكتە» دېگەن ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى ئاستىرتىن تەھرىرلىدى. ئۇلار ماقالىدىكى «سۇيىقەست» ۋە «ئاساسسىز دەپ ئاغدۇرۇپ

تاشلانغان» دېگەن سۆزلەرنى «غەيرى» ۋە «تالاش - تارتىشتىكى» دېگەن سۆزلەرگە ئالماشتۇردى. باشقا خەۋەر ئورگانلىرىمۇ ماقالىلىرىگە تەھرىر ئىزاھاتلىرىنى قوشتى، ھەمدە تاراتقۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋەرنى قانداق قىلىپ شۇنچىۋالا خاتا مەۋقەدە تۇرۇپ ئېلان قىلغانلىقى ھەققىدە ئۆز - ئۆزىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈش خاراكتېرلىك تەھلىللىرىنى ئېلان قىلدى.

2023 - يىلىغا كەلگەندە، ئېنېرگىيە مىنىستىرلىقى، فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى (FBI) ۋە كېسەللىكلەرنى كونترول قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش مەركىزىنىڭ (CDC) سابىق مۇدىرىمۇ يۇقۇم تەجرىبىخانىدىن باشلانغان دەپ گۇمانلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 2024 - يىلى، ھەتتا نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىمۇ «يۇقۇمنىڭ نېمە ئۈچۈن تەجرىبىخانىدىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدىكى بەش مۇھىم نۇقتا» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۆز مەيدانىدىن ھەرگىز يانمىدى. كەمىنە كېڭەش پالاتاسىدا خىتاي كوممۇنىستلىرى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى سۆزلەشنى ۋە ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتىشنى داۋاملاشتۇردۇم. 2020 - يىلى ئاۋغۇستتا، خىتاي ماڭا جازا يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇردى. مەن بۇ جازانى ھازىرمۇ ئۆزۈم ئۈچۈن بىر شەرەپ مېدالى دەپ قارايمەن.

***

كوفىد 19 يۇقۇملۇق ۋىرۇسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى بۇ ۋەقەلەر خىتاي توغرىسىدىكى بەزى مۇھىم ھەقىقەتلەرنى ئاشكارىلايدۇ. بىرىنچىدىن، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى دائىم، توختاۋسىز رەۋىشتە يالغان سۆزلەيدۇ. بۇنىڭغا ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. خىتاي كوممۇنىستلىرى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە توختىماستىن يالغان سۆزلىگەن رۇسىيە كوممۇنىستلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، كوممۇنىستىك خىتاي ئۆزىنى قوغدايدىغان كەڭ دائىرىلىك ئامېرىكالىق ئاقلىغۇچىلار سېپىگە ئىشەنچ بىلەن تايىنىدۇ. خىتايغا بولغان بۇ خىل ساداقەتمەنلىك سوۋېت رۇسىيەسى ئېرىشكەن قوللاشتىن كۆپ ئارتۇقتۇر. بۇنداق يالىلانما تەشۋىقاتچىلار ھەممە يەردە بار. سودا، سىياسەت، تاراتقۇ، ھوللىۋود، تەنتەربىيە، ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە باشقا نۇرغۇن ساھەلەردە مەۋجۇت. ئۈچىنچىدىن ۋە ئەڭ ئەندىشە قىلارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار پەقەت خىتايىنى ئاقلاپلا قالماستىن، يەنە ئۇنى تەنقىد قىلغۇچىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئاۋازىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا مەقسىتىگە يېتىدۇ. گەرچە ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىدىن كۆپرەكى خىتايغا نىسبەتەن (ھەقلىق ھالدا) سەلبىي قاراشتا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جىنايەتلىرى ۋە رەزىللىكلىرى ھەققىدىكى تەپسىلىي بايانلارنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە كۆپ

ئېرىشەلمەيدۇ. خىتاي ئامېرىكانىڭ نۇرغۇن سەرخىللىرىنى، داڭلىق شەخسلىرىنى، تەنھەرىكەتچىلىرىنى ۋە سىياسەتچىلىرىنى بېسىم ئارقىلىق سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

ئۇلار خىزمىتىدىن، تونۇشلىرىدىن، مەبلەغ سالغۇچىلىرىدىن، ئورۇن - مەرتىۋىسىدىن، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ يامانراق ئاقىۋەتلەردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. شۇڭا، سۈكۈت قىلىشنى ئەۋزەل بىلىدۇ. بۇ خىل ۋەھىمە مىليونلىغان ئادەتتىكى ئامېرىكىلىقلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئەگەر مەن بىر ئادەتتىكى پۇقرا بولغان بولسام، شۇ ھالىتىمدە خىتاي ھەققىدە كېڭەش پالاتا ئەزاسى سۈپىتىدە ئېيتقان سۆزلىرىمنىڭ ئوخشىشىنى ئېيتقان بولسام، (ئامېرىكالىق) ئىش بەرگۈچىم ئېھتىمال ماڭا بۇ خىل بايانلىرىمنى توختىتىشىمنى ئېيتقان بولاتتى. ئەگەر ئۇنىمىسام، مېنى ئىشتىن بوشاتقان بولاتتى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلارمۇ ئوخشاشلا ئاۋازىمنى ئۆچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، خىتاينى ياقىلىغۇچىلار بۇنىڭدىن كۆپ يەڭگىل سەۋەبلەر ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلارنىڭ كەسپىي ھاياتى ۋە تىرىكچىلىك مەنبەلىرىنى ۋەيران قىلىپ، پۈتكۈل مەملىكىتىمىزدە ۋەھىمە ۋە (خىتايغا بولغان نارازىلىقنى) سۈكۈت قىلىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلدى. خەتەرلىك رېئاللىق شۇكى، (دۆلىتىمىزدە) خىتاي ھەققىدە تىلغا ئېلىشقا قەتئىي بولمايدىغان بەزى ئىشلار بار.

ئەمما مەن ئاشۇ «قەتئىي دېيىشكە بولمايدىغان» ئىشلارنى دېيەلەيمەن. مەن ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىدا ئاركانزاس خەلقىگە ۋە دۆلىتىمىزگە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن ئۆزۈمنى تەلەيلىك ھېس قىلىمەن.

دۆلىتىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى كېڭەش پالاتاسىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئىش كۆرۈش، ئۆتكۈنچى ئېقىملار ۋە مودىغا ئايلانغان (دەۋر سۈرگەن) كۆزقاراشلارغا تاقابىل تۇرۇش، ھەمدە مەيلى دۆلەت ئىچىدىكى ئالاھىدە مەنپەئەتدار گۇرۇپپىلار ياكى سىرتتىكى چەت ئەللىك رەقىبلەر بولسۇن، ھەرقانداق تەھدىت ۋە مەجبۇرلاشلارنى يېڭىش ئۈچۈن لايىھەلىگەنئاساسىي قانۇنىمىزنىڭ كېڭەش پالاتاسىغا تاشقى سىياسەتتە ئالاھىدە مەسئۇلىيەت يۈكلىگەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىمۇ دەل مۇشۇدۇر. ئادەتتىكى قىلىپ ئېيتقاندا، مەن خىتايدىن قورقمايمەن. مەن خىتايغا موھتاج ئەمەسمەن. خىتاينىڭ مېنى باشقۇرىدىغان دەستىكى ياكى ماڭا ئۆتكۈزىدىغان ھېچقانداق تەسىرى يوق. مەن ۋەزىپە - ھوقۇقۇمدىن پايدىلىنىپ، خىتاي توغرىسىدا ھەقىقەتنى سۆزلەش ئارقىلىق، ئۆزۈم خىزمەت قىلىۋاتقان خەلققە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرىغا بولغان ساداقىتىمنى نامايان قىلىمەن.

سىلەرگە خىتاي ھەققىدىكى ھەقىقەتنى سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن مۇشۇ كىتابنى يازدىم. ئەمدى، سىلەر بىلەن خىتاي ھەققىدە تىلغا ئېلىشقا بولمايدىغان يەتتە نۇقتىنى ئورتاقلىشىمەن.

بىرىنچى، خىتاي بىر رەزىل ئىمپېرىيەدۇر. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خىتاي خەلقىنى زىيانكەشلىككە ئۇچراتتى، ئون مىليونلىغان كىشىنى قىرغىن قىلدى ۋە يەنە يۈز مىليوندەك ئىنسانىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى توسۇپ قويدى. خىتاي كومپارتىيەسى ئۆز پۇقرالىرىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئورۋېلچە (Orwellian) ساقچى دۆلىتى قۇرۇپ چىقتى. كۆزىگە سىغدۇرالمىغان مىللەتلەرگە قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ۋەيران قىلدى. تىنچلىقپەرۋەر ئۆكتىچىلەرگە قىيناش ۋە قىرغىن قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇردى. يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ خىرىستىيان جامائەتلىرىنىڭ بىرىنى زىيانكەشلىككە ئۇچراتتى ۋە بىر چاغلاردىكى ئەركىن شەھەر خوڭكوڭنى ئۆز چاڭگىلىغا ئالدى.

ئىككىنچى، خىتاي ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلماقتا. خىتاينىڭ سابىق مۇستەبىت رەھبىرى دېڭ شياۋپىڭ بىر چاغلاردا خىتاينىڭ «ئۆز كۈچىنى يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈشى» كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى. ئەمدى ئىش ئۆزگەردى. خىتاي ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەبىي تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىگە قايتماقتا. خىتاي ئاللىبۇرۇن يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇپ بولدى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى قورال - ياراغ ۋە يادرو قوراللىرى ئامبىرىنى تېز سۈرئەتتە كېڭەيتمەكتە. ھازىرقى بارلىق ئالامەتلەر كوممۇنىستلارنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، يەنى تەيۋەننىڭ جان تومۇرىغا زەربە بېرىشكە ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

ئۈچىنچى، خىتاي دۇنيا مىقياسىدا بىر مەيدان ئىقتىسادىي ئۇرۇش ئېلىپ بارماقتا. خىتاي مىليونلىغان ئامېرىكالىقنى خىزمەت پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلدى، ئون مىڭلىغان ئامېرىكا زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سالدى ۋە تىرىليونلىغان دوللار قىممىتىدىكى ئامېرىكا بىلىم - مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلىدى. ئۇ نۇرغۇن كەسىپلەرنى زېمىنىمىزدىن تارتىۋالدى ۋە كەلگۈسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تېخنولوگىيەلىرىنى كونسايىن ئۆز چاڭگىلىدا تىزگىنلىمەكتە. خىتاي يەنە ئۆزىنىڭ غايەت زور ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيادىكى دۆلەتلەرنى كونترول قىلماقتا ۋە ئۇلارنى قورقۇتۇپ، مەنپەئەت ئۈندۈرۈۋالماقتا.

تۆتىنچى، خىتاي جەمئىيىتىمىزگە سىڭىپ كىردى. ئۆزىنىڭ ئوغرىلانغان بايلىقىنى ۋە بىر يېرىم مىلياردلىق ئىستېمالچىلار نوپۇسىنى قورالغا ئايلاندۇرۇپ، ھوللىۋود چولپانلىرى، تەنتەربىيە ساھەسىنىڭ مەشھۇرلىرى، تاراتقۇ ماگناتلىرى، ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرى ۋە شىركەت باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ خىتاي ھەققىدە نېمىلەرنى سۆزلەيدىغانلىقى ۋە نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى كونترول قىلدى. خىتاي بۇ ئارقىلىق بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ نېمىلەرنى ئاڭلىشى، ئوقۇشى ۋە كۆرۈشىگە تەسىر كۆرسەتتى.

بەشىنچى، خىتاي ھۆكۈمىتىمىزگە سىڭىپ كىردى. ھەم ئەنئەنىۋى جاسۇسلۇق ۋاسىتىلىرىدىن، ھەم مۇرەككەپ «خىتاي لوبىسى» دىن پايدىلىنىپ، ھەربىي كۈچىمىزنى نىشانلىماقتا، ۋاشىنگتونغا تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە شتات ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىمىزنىڭ ئۇلىنى قازماقتا. ئامېرىكانىڭ كوممۇنىستىك خىتايغا

تاقابىل تۇرالماسلىقىنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار. بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، بېيجىڭنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى سېتىۋالغانلىقى ياكى تۈرلۈك مەنپەئەتلەر بىلەن چىرىكلەشتۈرۈپ، ئۆز تىزگىنىگە ئېلىۋالغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئالتىنچى، ختاي بالىلىرىمىزغا چاڭ سالماقتا. ختاي بالىلىرىمىزنىڭ مەكتەپلىرىنى سېتىۋالماقتا ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. ختاي پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئەقلىيفونلىرىنى سىياسىي تەشۋىقاتلار ۋە قەبىھ، ئەخلاقسىز مەزمۇنلار بىلەن تولدۇرۇۋەتمەكتە. شۇنداقلا بالىلارنى تارىختىكى ئەڭ ئەجەللىك زەھەرلىك چېكىملىكلەر بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكتە ۋە ئۇلارنى زەھەرگە خۇمار قىلىپ قويماقتا. ختاي كوممۇنىزمى ھازىر ئامېرىكا ياشلىرىنىڭ زەھەرگە خۇمار بولۇپ قېلىشى ۋە بۇ سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبكارلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

يەتتىنچى، ختاي غەلىبە قىلىشى مۇمكىن. ختاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمرانلىق ئۈچۈن ئامېرىكا بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىدە غەلىبە قىلىشى، ئىستراتېگىيەلىك تىرەك ھېسابلىنىدىغان تەيۋەننى بېسىۋېلىش بىلەن باشلىنىپ، ئامېرىكانىڭ تەسىر كۈچى ۋە قۇدرىتىنىڭ قۇياشى پېتىش بىلەن ئاخىرلىشىشى مۇمكىن.

ختاي ھەققىدىكى ھەقىقەتنىڭ كىشىنى بىئارام قىلىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى، سىزنىڭ بۇ ھەقتە كۆپ نەرسە ئاڭلىمىغانلىقىڭىزدۇر. ئامېرىكا بۇ خەتەرلەرگە قارشى نەچچە ئون يىل ئىلگىرىلا سەگەك بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما رەھبەرلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى سىز ئاڭلاشقا تېگىشلىك بولغان ھەقىقەتلەرنى ئېيتمىدى. بۇ كىتابتىكى بايانلار سىز بىلىشكە تېگىشلىك مەزمۇنلاردۇر. بۇ كىتاب بېكىتىلگەن پاكىتلار ۋە ۋەقەلەرنىڭ ئىچكى لوگىكىسىغا ئاساسەن، ختاي كوممۇنىستلىرىدىن كېلىۋاتقان رېئال ۋە تەخىرسىز تەھدىتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بىرەر پارتىيەۋى غەرەز ياكى «سېرىق خەتەر» (yellow peril — ياپون ۋە ختايدىن ئىبارەت سېرىق تەنلىكلەرنى ئامېرىكاغا خەتەر ئېلىپ كېلىدىغان كىشىلەر، دېگەن ئىدىيەنى تەرغىپ قىلىدىغان ئىرقچىلىق خاھىشى) ھەققىدىكى قۇرۇق تۆھمەت ئەمەس.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلىمەكچىمەنكى، تەھدىتنىڭ مەنبەسى ختاي كوممۇنىزمىدۇر، ھەرگىزمۇ ختاينىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ياكى ختاي كوممۇنىزمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىسى بولغان ختاي خەلقى ئەمەس.

نۆۋەتتە ئامېرىكا يەنىلا يەر شارىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ تۇرماقتا. بىراق ختاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مۇشۇ ئورۇننى تارتىۋېلىشنى كۆزلىمەكتە. خەتەرلەر بىر يەرگە جۇغلاشتى، كېچىككەنلىكىمىز ئاللىبۇرۇن ئېنىقلىنىپ بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر بىز بۇ كۈرەشتە نېمىنىڭ خەتەر ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە تەھدىتنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشەنسەك، يەنىلا ئۈستۈنلۈك قازىنالايمىز. مەن سىزگە باشقىلار ئېيتىشنى

خالمايدىغان ھەقىقەتلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن، چۈنكى سىزنىڭ ئامېرىكىنى سۆيىدىغانلىقىڭىزنى ۋە بىزنىڭ غەلبە قىلىشىمىزنى خالايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى



# مەۋجۇدات ۋە ئاللاھ: ئىبنى سىنانىڭ «سىددىقىين ئىسپاتى»

# مەۋجۇدات ۋە ئاللاھ: ئىبنى سىنانىڭ «سىددىقىين ئىسپاتى»

نېمە ئۈچۈن يوقلۇقنىڭ ئورنىدا مەۋجۇتلۇق بار؟

بۇ ھەممىمىز ھاياتىمىزدا كۆپ قېتىم ئۆزىمىزدىن سورايدىغان بىر سوئالدۇر. دائىم «پەلسەپە ھەيران قېلىشتىن باشلىنىدۇ» دەپ ئېيتىلىدۇ. كىچىك باللار ئەڭ بۈيۈك پەيلاسوپتۇر، چۈنكى ئۇ «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سوراشتىن قەتئىي قورقمايدۇ. ئەڭ تۈپ سوئال بولسا — «نېمە ئۈچۈن بىرەر نەرسە مەۋجۇت؟» دېگەن سوئالدۇر.

ئادەتتە، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى يوق، دەپ قارىلىدۇ. كۆپىنچە پەيلاسوپلار بۇ سوئالنى ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى. كائىناتنىڭ ماھىيىتى ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭدىكى ئورنىمىز ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى، ئەمما دىنىي تېكىستلەردىن باشقا، كائىناتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەسلىدىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى تەپسىلىي شەرھلەپ بېرىدىغان ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز.

كۆپلىگەن ئېتىقاد سىستېمىلىرىدا يارىتىلىش ھەققىدە تۈرلۈك رىۋايەتلەر مەۋجۇت. ئەمما ئۇلارنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمىلا ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردە، ئىسلام ۋە خىرىستىيان ئىمپېرىيەلىرى ئۆزئارا ئۈچراشقان مەزگىللەردە، پەلسەپە بىلەن ئىلاھىيەت ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە بىرىكتۈرۈلۈپ، مەۋجۇتلۇقنىڭ جەۋھىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىلدى.

ئالىملار قەدىمكى دۇنيا پەلسەپىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە كائىناتنىڭ مەقسىتى ھەققىدە ئەقلىي نەزەرىيەلەرنى تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ نەزەرىيەلەر دىنىي دەستۇرلار بىلەن ماسلاشتۇرۇلدى، ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇلارغا زىت كەلمەيتتى. شۇ ئاساستا كائىناتنىڭ كەڭلىكى ۋە مۇرەككەپلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار باشلاندى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان ئاللاھ تائالا بۇ سىستېمىلارنىڭ مەركىزىدە تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئارىستوتېلىزم ۋە پلاتونىزمدىن ساقلىنىپ قالغان جەۋھەرلەر، گەرچە ئۇلارنىڭ مەنبەسى غەيرىي دىنىي (بۇتپەرەسلىك) مەنبەلىك بولسىمۇ، يەنىلا ئىلمىي تەپەككۇر قۇرۇلمىلىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

پارس پەيلاسوپى ئىبنى سىنا بۇ تۈپ سوئالغا ئەتراپلىق جاۋاب بېرىشكە ئۇرۇنغان تۇنجى كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ پەيلاسوپ ئىشنى ھەممىمىزگە تۇيغۇمىز ئارقىلىق ئايان بولغان «بىرىنچى پرىنسىپ» تىن، يەنى «ئەتراپىمىزدىكى ھەممە نەرسىنىڭ بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەنلىكى» دىن باشلىدى.

سىز ھازىر ئولتۇرغان بولۇشىڭىز ئېھتىمالغا يېقىن بولغان ئورۇندۇق كىشىلەر تەرىپىدىن خام ئەشيالاردىن ياسالغان. شۇ كىشىلەر ئانىلىرىنىڭ بەچچىدانىدا يارالغان بولسا، ئورۇندۇقنىڭ خام ئەشيالىرى — مەيلى ياغاچ، سۇلياۋ ياكى مېتال بولسۇن — نۇرغۇن يىللىق تەبىئىي جەريانلار ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن.

ئەگەر بىز سەۋەبلەر زەنجىرىنى بويلاپ ئارقىغا قاراپ سۈرۈشتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرساق، ئورۇندۇقىڭىزنى تەشكىل قىلغان ئاتوملارنىڭمۇ، شۇنداقلا شۇ ئورۇندۇقنى لايىھەلىگۈچى ۋە ياسىغۇچىلارنىڭ ئاتوملىرىنىڭمۇ كائىناتنىڭ غايەت زور تاۋلاش پېچىدا يارالغانلىقىنى كۆرىمىز.

بىز شەيئىلەرنىڭ قانداق سەۋەب-نەتىجە بىلەن بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىمىز. ئەمما، مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئالغاندىچۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سەۋەبچىسى نېمە؟ ئەگەر بىز بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلسەك، نېمە ئۈچۈن يوقلۇقنىڭ ئورنىدا مەۋجۇتلۇق بارلىقىنى بىلىشكە بىر قەدەم يېقىنلاشقان بولىمىز.

ئورۇندۇق مەۋجۇت، ئەمما ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى شەرت ئەمەس. (يەنى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى مۇتلەق زۆرۈرىيەت ئەمەس.) ئەمەلىيەتتە، بىز مەۋجۇت بولۇشىمىزمۇ ياكى بولماسلىقىمىزمۇ مۇمكىن. ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ يوقلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈنمۇ ئارتۇقچە خىيال سۈرۈپ كېتىش ھاجەتسىز. ماھىيىتىمىز — يەنى بىزنى بىز قىلىپ تۇرغان ئالاھىدىلىك — مەۋجۇتلۇقىمىزدىن ئايرىمدۇر. ئۇنداقتا مەۋجۇتلۇق ئۆزى قانداق بارلىققا كەلگەن؟

ئىبنى سىنا بىر نەرسىنىڭ جەزمەن مەۋجۇت بولۇشى شەرتلىكىنى (زۆرۈرىيىتىنى) ئىسپاتلاش ئارقىلىق بارلىق شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرقانداق نەرسىنىڭ قانداق مەۋجۇت بولالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ قۇرۇلمىدا بىر «ۋاجىبۇل ۋۇجۇد» (مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈر بولغان زات) بار بولۇپ، باشقا بارلىق مەۋجۇداتلار ئۇنىڭ يارىتىشى ئارقىلىق مەۋجۇت بولغان.

بۇ پەيلاسوپ يۈكسەك بىر ئەقلىي ماھارەت بىلەن، مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈر بولغان بۇ زاتنىڭ جەزمەن ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىبنى سىنا سەۋەب - نەتىجە زەنجىرىنى ئارقىغا سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى جەزملەشتۈرىدۇ. ئاندىن ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بېكىتىشكە ھەمدە ئاللاھنىڭ كائىناتقا ۋە بىز ياشاۋاتقان

كۆپ خىل رىئاللىقنى قانداق مەسئۇل ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەشكە ئۆتىدۇ. ئۇ بۇ دەلىلنى «سىددىقىين ئىسپاتى» دەپ ئاتىغان.

بۇ بىر ئۇلۇغۋار، ھەتتا جۈرئەتلىك ئەقلىي تەپەككۇر مەشىقى بولۇپ، كۆپ قىرلىق ئالىم ۋە دۇنيادىكى ئەڭ تەسىر كۈچىگە ئىگە مۇتەپەككۇرلاردىن بىرى بولغان ئىبنى سىناغا تامامەن لايىقتۇر. غەرب دۇنياسىدا ئاساسلىقى لاتىنچىلاشتۇرۇلغان ئىسمى «ئاۋىسېننا» (Avicenna) دەپ تونۇلغان بۇ پەيلاسوپ، ئوتتۇرا ئەسىر خىرىستىيان پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ تەسىر ئېھتىمال ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قۇرتۇبا خەلىپىلىكىدە[1] قىلىنغان تەرجىمىلىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ياۋروپا 12-ئەسىردىكى غول ئېقىملارنىڭ بىرى بولغان «لاتىنچە ئاۋىسېننىزم» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام تەپەككۇرى بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئارىستوتېلنى قايتىدىن تونۇدى. توماس ئاكۋىئىناس دەل ئىبنى سىنانىڭ پەلسەپىۋى يېڭىلىقلىرى سايىسىدا ئارىستوتېلىزم بىلەن خىرىستىيان ئىلاھىيىتىنى بىرىكتۈرۈپ سىنتېزلىدى.

ئىبنى سىنا يىپەك يولىغا جايلاشقان، سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ باياشات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن يۈكسەلگەن پايتەختى بولغان بۇخارا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەفشانا يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يىللىرىنى مۇشۇ شەھەردە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، دەسلەپكى كەسپىي ھاياتىنى ھۆكۈمران سۇلالىگە يېقىن دائىرىلەردە قانۇنشۇناس ۋە تېۋىپ سۈپىتىدە باشلىغان. شەھەر ھۆكۈمرانلىرىغا تېۋىپلىق قىلىش جەريانىدا، ئوردىدىكى كۈتۈپخانىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. بۇ ئەسەرلەر ئارىسىدا قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى ۋە ئىلىم - پېنىگە ئائىت بىزگىچە ساقلىنىپ قالغان تېكىستلەرنىڭ تەرجىمىلىرىمۇ بار ئىدى.

[1] ھازىرقى ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە زېمىنىدا قۇرۇلغان ئىسلامىي دۆلەت بولۇپ، 929 ـ يىلىدىن 1031 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. شۇ دەۋردە پايتەخت قۇرتۇبا شەھىرى باغداد ۋە كونستانتىنوپولغا (ئىستانبۇلغا) تەڭ كېلىدىغان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن ۋە سودا مەركىزى ئىدى. ياۋروپا قاراڭغۇ دەۋردە تۇرۇۋاتقان بىر چاغدا، قۇرتۇبا كوچىلىرىدا چىراغلار ياناتتى، يۇزلىگەن ئاممىۋى ھاماملار ۋە غايەت زور كۇتۇپخانىلار بار ئىدى. قۇرتۇبا خەلىپىلىكى يۇنان (گىرېتسىيە) پەلسەپىسى، تېبابەت، ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدا ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ئىبنى سىنا، ئىبنى رۇشد، ئىبنى باججەگە ئوخشاش پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرى مۇشۇ يەردە لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ياۋروپالىقلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەلسەپىۋى ۋە ئىلمىي بىلىملەرنى دەل مۇشۇ خەلىپىلىك ئارقىلىق تونۇغان. قۇرتۇبا شەھىرى بۈنگۈنكى ئىسپانىيە تەۋەلىكىدە بولۇپ، «Córdoba» (كوردوبا) دەپ ئاتىلىدۇ. ـ ت

بۇ تېكىستلەر ئاببασيلار خەلىپىلىكىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يوقىلىپ كېتىش خەۋپىدىن ساقلاپ قېلىندى، ھەمدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۆتۈپخانىلارغا يىغىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىككى ئەسىر مابەينىدە باغداتتىكى بىلىم قۇرۇلۇشى، ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا پەلسەپە ۋە ئىلىم-پەن يېڭىلىقلىرىغا باي بىر مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

ئىبنى سىنا ئۆز بىلىمگە تايىنىپ غايەت زور مىقداردىكى ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلەر ئاساسلىقى تىبابەت ۋە پەلسەپە ساھەسىدە بولسىمۇ، يەنە تەبىئىي پەنلەر، پىسخولوگىيە، ئىلاھىيەت ۋە ماتېماتىكا تېمىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ئىجاد قىلىدىغان كۆپ مەھسۇلاتلىق شائىر ئىدى.

بۈگۈنكى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئەسەرلىرى — دەسلەپكى زامانىۋى تىبابەتنىڭ ئاساسىنى ياراتقان تىبابەت قامۇسى «ئەل قانۇن فىت تىب» (تىبابەت قانۇنلىرى) بىلەن، ھەربىر شەيئىگە قارىتا ئىزچىل ۋە بىر گەۋدىلەشكەن ئىزاھات بېرىشكە تىرىشقان، كۆپ تومluq غايەت زور پەلسەپە ۋە ئىلىم-پەن قامۇسى «ئەششىفا» (شىفا كىتابى) دۇر.

دەل مۇشۇ «ئەششىفا» (شىفا كىتابى) — روھنىڭ نادانلىقىغا «شىفا بېرىش» مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان — نەمۇنىسى ئارقىلىق، بىرلا ئىنساننىڭ نىمىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىغا يۇكسەك باھا بېرەلەيمىز. بۇ تۆت قىسىمدىن — مەنتىق، تەبىئىي پەن، ماتېماتىكا ۋە مېتافىزىكا قاتارلىقلاردىن — تەشكىل تاپقان نادىر ۋە مۇرەككەپ بىر ئەسەر بولۇپ، پەن بىلەن پەلسەپەنى ئەتراپلىق بىرىكتۈرگەن.

ئىبنى سىنا بىر پەيلاسوپ سۈپىتىدە ئاساسلىقى ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرى، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى يازغان شەرھلەر، شۇنداقلا ئەپلاتون (Plotinus)، پورفىرىي (Porphyry) ۋە پروكلۇسقا (Proclus) ئوخشاش يېڭى ئەپلاتونچىلارنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئۇچراشقان. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، يېڭى ئەپلاتونچىلارنىڭ مەۋجۇت ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئەپلاتوننىڭ «ئالتە ئەننېئد» (Six Enneads) ناملىق ئەسىرى ئەينى چاغدا ئارىستوتېلغا خاتا نىسبەت بېرىلگەن بىر شەرھىي بايان بولۇپ، «ئارىستوتېل ئىلاھىيىتى» دەپ ئاتالغان.

ئارىستوتېلچە ئىدىيەلەر ئىبنى سىنانىڭ كائىنات ھەققىدىكى چۈشەنچىسىگە ئاساس بولغان بولسا، يېڭى پلاتونچىلىق ئۇنىڭ بىزنىڭ كائىناتتىكى ئورنىمىز ۋە ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ھەققىدىكى نەزەرىيەسىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئىبنى سىنانىڭ پەلسەپىۋى مىراسىدىكى تۈپ ئالاھىدىلىك — «ماھىيەت» بىلەن «مەۋجۇتلۇق» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ نۇقتا ئۇنىڭ بارلىق شەيئىلەر ۋە ئاللاھ تائالا ھەققىدىكى نەزەرىيەسىدە ئارىستوتېلدىن ھالقىپ كېتىشىگە تۈرتكە بولغان.

ماھىيەت ئۇقۇمى ئارىستوتېلدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ «بۇ نېمە؟» ۋە «بىر شەيئىنىڭ نېمە بولۇشى» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەن. ماھىيەت شۇنداق نەرسىكى، ئەگەر ئۇ بىر شەيئىدىن ئېلىپ تاشلانسا، شۇ شەيئى ئۆزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى يوقىتىدۇ (ياكى ئۆزى بولۇشتىن توختايدۇ.) ماھىيەت مەۋجۇت بولغان شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا پەرقلىنىش پۈرستى يارىتىدۇ. مەسىلەن، بىر ئاتنىڭ ئىنسانىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئايرىم بىر ماھىيىتى باردۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماھىيەت بىرەر نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. پەقەت بىر شەيئىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئارقىلىقلا، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. زېھنىمىزدە مەۋجۇت بولالايدىغان، لېكىن رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان چەكسىز مىقداردىكى نەرسىلەر بار.

پەيلاسوپ ئاتلارنى مىسال قىلىدۇ: سىزدە مەلۇم بىر جۇزئىي (كونكرېت) ئات ۋە شۇ ئاتنى باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى دەل «ئات» قىلىپ تۇرغان كۇللىي (ئومۇمىي) «ئاتلىق» ماھىيىتى بار. ئەمما كۇللىيلىق (ئومۇمىيلىق) ئاتلىق ماھىيىتىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئېنىقلىمىغا كىرمەيدۇ، بەلكى كۇللىيلىق ئاتلىق ماھىيىتىگە قوشۇمچە قىلىنغان بولىدۇ.

ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «بىرلىك (يېگانىلىك) شۇنداق بىر سۈپەتكى، ئۇ ئاتلىق ماھىيىتى بىلەن بىرىكىدۇ. نەتىجىدە ئاتلىق ماھىيىتى مۇشۇ سۈپەت بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىدۇ.» (شىفا كىتابى، مېتافىزىكا، 5-بۆلۈم)

ئات «ئاتلىق» ماھىيىتىنىڭ «بىرلىكى» بولمىسا ئات بولالمايدۇ، ئەمما كۇللىي (ئومۇمىي) ئاتلىق ماھىيىتىمۇ ياكى جۇزئىي (كونكرېت) بىر ئاتمۇ كۇللىيلىق ياكى جۇزئىيلىكتىن ئىبارەت بۇ «سۈپەتلەر» بولمىسا مەۋجۇت بولالمايدۇ. گەرچە بۇلار قۇرۇق نەزەرىيەدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىبنى سىنانىڭ مەۋجۇتلۇق ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئۇلۇغ قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

جۇزئىي بىر ئات ۋە ئۇنىڭ كۇللىي «ئاتلىق» ماھىيىتى جەزمەن مەۋجۇت بولۇش ئۈچۈن باشقا بىر نەرسىگە تايىنىشى شەرت. چۈنكى بىر ئاتنىڭ ماھىيىتىدە ئۇنىڭ جەزمەن مەۋجۇت بولۇشى كېرەكلىكىگە دائىر ھېچقانداق زۆرۈرىيەت يوق.

پەيلاسوپ ماھىيەت بىلەن مەۋجۇتلۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈچ خىل ھالەتكە ئايرىيدۇ: شەيئىلەر يا «مۇمتەنى» (مۇمكىن بولمىغان)، يا «مۇمكىن» (ئېھتىماللىققا ئىگە)، ياكى «ۋاجىب» (زۆرۈر) بولىدۇ.

مۇمتەنى (مۇمكىن بولمىغان) بىر شەيئىنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى رەت قىلىدۇ. مەسىلەن، تۆت تەرەپلىك ئۈچبۇلۇڭ ماھىيەت جەھەتتىن مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئېنىقلىمىسى بويىچە ئۇنىڭ ئۈچ تەرىپى بولىدۇ، يەنى ئۈچبۇلۇڭلار ماھىيەت جەھەتتىن ئۈچ تەرەپلىكتۇر.

مۇمكىن بولغان شەيئىلەر — مەسىلەن، ئات ياكى ئىنسان — مەۋجۇت بولۇش ئۈچۈن باشقا بىر نەرسىگە تايىنىدۇ. مۇمكىن بولغان شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن بىر يۈرۈش يېتەرلىك سەۋەبلەر بولىدۇ، ئىنساننىڭ ئانىسى بۇنىڭ بىر مىسالى، خالاس. پەيلاسوپ ئېيتقاندەك، مۇمكىن بولغان شەيئى ئۆزىدىن باشقا بىر سىرتقى سەۋەب تۈپەيلىدىن «ۋاجىب»قا (زۆرۈرگە) ئايلىنىدۇ. ئىبنى سىنانىڭ قارىشىچە، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر «مۇمكىن» دۇر. (يەنى ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۆز زاتىدىن ئەمەس، بەلكى سىرتقى سەۋەب تۈپەيلىدىندۇر.)

باشقا بارلىق نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ماھىيىتى ئۆز-ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر زاتنىڭ بولۇشى شەرت. بۇ زات «ۋاجىبۇل ۋۇجۇد»تۇر. (مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈر زاتتۇر.) ئۇ زات جەزمىيەت تۈپەيلىدىن مەۋجۇت بولۇشى شەرتتۇر. ۋاجىب (زۆرۈر) بولغان بۇ زات ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنبەسىدۇر، شۇڭا ئۇ مەڭگۈلۈك مەۋجۇتتۇر.

ئەتراپىڭىزغا بىر قاراپ بېقىڭ. ئەتراپىڭىزدىكى شەيئىلەرگە نەزەر سېلىڭ. بۇ نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولماسلىق ئېھتىماللىقىمۇ بار. ئەگەر ئەتراپىمىزدىكى ھەممە نەرسىنىڭ بىر سەۋەبى بولسا، ئۇنداقتا بارچە شەيئىلەرنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئالغاندىچۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سەۋەبچىسى نېمە؟

مۇمكىنۇل ۋۇجۇد (ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن سىرتقى سەۋەبكە تايىنىدىغان) شەيئىلەرنىڭ بۇ پۈتۈنلۈكى، يەنى بىزگە مەلۇم بولغان كائىنات ئۆزىمۇ جەزمەن «مۇمكىن» دۇر. ئەقلىي تەپەككۇر بىزگە بارلىق شەيئىلەرنىڭ جەزمەن ئۆزىنىڭ سەۋەبچىسى بولمىغان ياكى ئۆزىگە سەۋەبچى بولغان بىرەر زات تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەكلىكىنى دەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇ چاغدا شۇ سەۋەبچىنىڭ ئۆزىمۇ ماھىيەت جەھەتتىن سەۋەب-نەتىجىگە باغلىق شەيئىلەر توپلىمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان بولىدۇ.

بەزىلەر بارلىق شەيئىلەرنىڭ بىر پۈتۈن توپلىمى شۇ شەيئىلەرنىڭ يەككە - يەككە ھالىتىدىن پەرقلىنىدۇ، دەپ دەۋا قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى بىر ماشىنا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئۆز بۆلەكلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ ئۆز

بۆلەكلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن پەرقلىق بولغان بىر «توپلام» دۇر. ئېھتىمال، كائىناتمۇ بىر خىل «توپلام» سۈپىتىدە ئۆز بۆلەكلىرىدىن شۇنداق پەرقلىنىدىغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ قاراش يەنىلا بىر «ۋاجىبۇل ۋۇجۇد» نىڭ (مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈر بولغان زاتنىڭ) مەۋجۇتلۇقىنى پەرەز قىلىدۇ. ئەمما پەيلاسوپ شۇنى تەكىتلەيدۇكى، ۋاجىبۇل ۋۇجۇدنىڭ ئۇنى باشقا بارلىق شەيئىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئۆزگىچە سۈپەتلىرى بولۇشى شەرت. بۇ نۇقتا بىزنى ئىبنى سىنانىڭ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى دەلىلىنىڭ كېيىنكى قىسمىغا باشلاپ كىرىدۇ. پەيلاسوپنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، بىز ئاللاھنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

ۋاجىبۇل ۋۇجۇد پەقەت بىرلا بولالايدۇ. ئىبنى سىنا ئەقلىي مەنتىق ئارقىلىق بىردىن ئارتۇق تەڭرىنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقىنى رەت قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئاللاھ ۋاجىبۇل ۋۇجۇد سۈپىتىدە ماھىيەت جەھەتتىن يېگانە بولۇشى شەرت.

ئىبنى سىناغا نىسبەتەن، بىز ئاللاھ ھەققىدە ئەقىل بىلەن چۈشەنگىلى بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى مەنتىق ئارقىلىق تامامەن چۈشىنەلەيمىز. ئىبنى سىنا ئاللاھنى ئېتىقاد ئارقىلىق تونۇغاندەك، ئەقىل ئارقىلىقمۇ شۇنچە چوڭقۇر تونۇيالايدىغانلىقىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. (ئەمما، نۇرغۇن ئەقلىلىق دەپ قارالغان پەيلاسوپلارنىڭ ئاتېئىست ئىكەنلىكىنى ھەقىقەت بولغان ئىكەن، ئاللاھنى ئەقىل ئارقىلىق تونۇش پىكرى توغرىلىقتىن ئۇزاق.)

پەيلاسوپنىڭ ئاللاھ ھەققىدىكى ساپ ئەقلىي ئىزاھاتى ھەم ئالقىشقا ئېرىشكەن، ھەم تالاش-تارتىشلارغا قالغان. گەرچە پەيلاسوپ «سىددىقىين ئىسپاتى» نىڭ قۇرئان كەرىمدە تەسۋىرلەنگەن ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە تولۇق ماس كېلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئالىملار ۋە پەيلاسوپلار بۇ دەلىلنى تەنقىد قىلغان.

مەسىلەن، «سىددىقىين ئىسپاتى» ئاللاھقا ئىرادە ئەركىنلىكى بەرمەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ۋاجىب (زۆرۈر) بولغان بىر ئاللاھ كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتىن باشقا تاللىشى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. بۇنداق ئىرادە ۋە تەشەببۇسكارلىقنىڭ كەمچىل بولۇشى ئاللاھنىڭ قادىرى مۇتلەق ۋە مۇتلەق ئادالەت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئائىت ئۇقۇملارغا ئېنىقلا زىت كېلىدۇ.

ئىبنى سىنانىڭ «ۋاجىبۇل ۋۇجۇد» ئىدىيەسىدە يېڭى ئەپلاتونچىلىقنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنىڭ قاراشلىرى ئەپلاتونچىلىقتىكى يۇنان - رىم ئىلاھلىرىدىن ئىلگىرىكى مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنبەسى بولغان «بىر» (The One) ياكى «خەيرى مۇتلەق» (The Good) ئۇقۇمىغا ئىنتايىن يېقىن كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال

تەۋھىدنى ياقلىغۇچى كۆپلىگەن شەرھلىگۈچىلەرنى بىئارام قىلغان. ئىبنى سىنا ئاساس سالغان پەلسەپە مەكتىپى تەسىر كۆچىگە ئىگە ئىلاھىيەتچى ئىبنى مەلاھىمى تەرىپىدىن «قەدىمكى يۇنانىنىڭ مۇجەررەد تەپەككۇرى بىلەن بۇلغانغان» دەپ تەنقىد قىلىنغان. بۇ ئالىمنىڭ جەزم قىلىشىچە، بۇنداق ئىدىيەلەر ئىسلامنىڭ پەيغەمبەرلىك خۇسۇسىيىتىدىن چەتنەپ كەتكەن.

ئەمما شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردىكى تالاش-تارتىشتىكى نۇقتا مۇجەررەد تەپەككۇردىن كۆرە ئۆز-ئۆزىگە نەزەر سېلىشتۇر. پەيلاسوپنىڭ «سىددىقىين ئىسپاتى» نىڭ مەركىزىدە تەجرىبىۋى ئەقىل تۇرىدۇ — بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز ئاددىيلا بىر ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئۆز-ئۆزىدىن ئايان بولغان پاكىت غايەت زور ۋە مۇرەككەپ بىر سىستېمىنىڭ تۈنجى ئۇل تېشىدۇر. ئۇنىڭ مەقسىتى نادانلىققا «شىفا بېرىش» ۋە ئاللاھنى تونۇشتىكى چۈشەنچىمىزدىن شادلىنىشتۇر.

ۋاجىبۇل ۋۇجۇد ئىنسانىنىڭ ئېتىقاد تۇيغۇسىنىڭ بايان قىلىنىشى بولۇپ، ئۇ شۇ تۇيغۇنىڭ ئاساسىنى، يەنى ئىلاھىيەتنى ئىزدەيدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://mana.net/ibn-sina/



# خېۋىر تۆمۈر

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# قوماندان تۆمۈر ئېلىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قالدۇرۇپ كەتكەن ھەممەتلىك ئوغلى خېۋىر تۆمۈر

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

مەرھۇم خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى 1922 - يىلى تۇرپاندىكى توقسۇن ناھىيەسىنىڭ يېڭىمەھەللە دېگەن يېرىدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىللىي ئىنقىلاب رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان قوماندان تۆمۈر ئېلى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپتە دادىسى تۇرۇشلۇق كۇچا ۋە توقسۇن قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ ھەم ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋاقتى دادىسى تۆمۈر ئېلىنىڭ كۇچادىن تاكى قەشقەرگىچە بولغان جەنۇبىي ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى ئازات قىلغان ۋاقتىغا توغرا كەلگەن. ئەينى چاغدىكى قومۇل - تۇرپان ۋە شىمالىي ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى قاتتىق داۋالغۇپ تۇرغاچقا، دادىسى تۆمۈر ئېلى ئاررۇلۇق ئوغلىنى قەشقەرگە بىللە ئېلىپ كەتكەن. 1933 - يىلى يازدا قەشقەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ تۇيۇقسىز كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان تۆمۈر ئېلى ئۇنى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن توقسۇنغا يولغا سېلىۋەتكەن. دەرۋەقە شۇ يىلى 8 - ئاۋغۇست چارشەنبە كۈنى قوماندان تۆمۈر ئېلى تۇڭگان باندىت ما جەنساڭ تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

قىسقىغىنە بەش ئاي ئىچىدىلا جەسۇر تاغىسى توختى ئېلى ۋە قورقۇمسىز دادىسى تۆمۈر ئېلىدىن ئايرىلىپ قالغان 11 ياشلىق ئابدۇخەبىر بوۋىسى ئەھمەد ھاجىمنىڭ قولىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. 1934 - يىلى باھاردا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى مىللىي ئىنقىلابچىلار ياپونىيەدە ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، كېلىپ چىقىشى مانجۇرىيەلىك ئاققۇن خىتاي شېڭشىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەجبۇرلىشى سەۋەبلىك ئىتتىپاق تۈزگەندىن كېيىن، پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر قايسى يۇرتلاردا قىسقا مەزگىللىك مائارىپ ۋە ئاقارتىش ھەرىكىتى بىراقلا ئەۋجىگە چىققان. بۇ ھەرىكەتنىڭ يىراق قەشقەردىكى ۋەكىلى مەمتېلى تەۋفىق ئەپەندى، تۇرپاندىكى ۋەكىلى مۇھىتلار جەمەتىنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى گوسۇل مۇھىتى، ئۈرۈمچىدىكى ۋەكىلى ھەيدەر سايرانى ۋە ئوغلى ئۇيغۇر سايرانى، ئىلى تەرەپتىكى ۋەكىلى مەسئۇد ئەپەندىلەرگە ئوخشاش ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدى. خېۋىر تۆمۈر مۇشۇ قىسقا مەزگىللىك ئۇلۇغ ھەرىكەتتىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالالىغان ئاز ساندىكى ساناقلىق تەلەيلىك ۋە ئامەتلىك باللاردىن بىرى ئىدى. گەرچە خېۋىر تۆمۈر دادىسى ۋە تاغىسىنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى مۇرەسسەسىز مەيدانى ۋە شانلىق ئىش - ئىزلىرى سەۋەبىدىن 1935 - يىلى تاشكەنتكە

ئوقۇشقا چىقىرىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتارىغا كىرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بىر قوللۇق كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى بىلەن 1935 - يىلى ئەينى چاغدىكى ئۆلكە مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. شۇ چاغدا مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى شۇ چاغدىن باشلاپ ئەسلى ئىسمى ئابدۇخېبىر بولغان بۇ ئۆسمۈر كېيىنچە تۇرپانلىقلارنىڭ يەرلىك شېۋىسى بويىچە «ئابدۇ» دېگەن ئالدى قوشۇمچىسى قىسقارتىلغان، كېيىنكى بۆلىكى يەرلىك شېۋىگە ماسلاشتۇرۇلغان «خېۋىر» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇ ئۆز خەلقى چاقىرغان بۇ ئىسمنى تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز پېتى قوللانغان.

خېۋىر تۆمۈر 1939 - يىلىدا ئاتالمىش شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، توقسۇندا قىسقا مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئەپسۇسكى، ئۇ 1941 - يىلىدىكى جاللات شېڭشىسەي ستالىنغا ئاسىيلىق قىلغان چاغلاردا تۈنجى تۈركۈمدە تۇتقۇن قىلىنغانلار قاتارىدا تۈرمىگە تاشلانغان. بەختكە يارىشا، 1944 - يىلى 8 - ئايدا ھازىرقى ئىلقا ئۆلاستايدىن ئېتىلغان تۇنجى پاي مىللىي مۇستەقىللىق ئوقى 11 يىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېنىنى ئىچكەن جاللات شېڭشىسەينى شۇ يىلى 9 - ئايدا خىتايغا قېچىشقا مەجبۇر قىلغان. مەزكۇر مىللىي ئىنقىلاب ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشى ئاستىدا چاقماقتەك تېزلىكتە غەلىبىگە ئېرىشىپ، شۇ يىلى 12 - نويابىر كۈنى غۇلجا شەھىرىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. مەزكۇر يېڭى دۆلەتنىڭ ئىشغالدىكى يەتتە ۋىلايەتنى ئازات قىلىشىدىن ئۆلگۈدەك ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن دۈشمەنلەر ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلققە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن 1944 - يىلىدىن 1946 - يىلىغىچە غالچا شېڭشىسەي يوقىتىشقا ئۈلگۈرمەي قالغان تەۋەرۈك كىشىلەرنى تۈرمىلەردىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان. ئەمدىلا 22 ياشقا قەدەم قويغان خېۋىر تۆمۈر ئەپەندىمۇ شۇلار قاتارىدا 1944 - يىلى كۈزدە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. 1944 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇرچە گېزىت - ژۇرناللاردا كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇ 1945 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆز يۇرتى توقسۇندىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۇيغۇرچە مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بىتىمدىن كېيىن توقسۇنغا قايتىپ مائارىپ ئىشلىرىنى جانلاندۇرغان.

خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى تۈرمىدىن چىقىپلا توقسۇن ۋە تۇرپاننىڭ خاراب قىلىنغان مائارىپىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇشقا بەل باغلىغان. ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى 1946 - يىلى تۇرپانغا ھاكىم بولۇپ سايلانغان ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن. بەختكە قارشى، يەتتە ۋىلايەتنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان گومىنداڭ ئىشغالچى باندىتلىرى تۇرپاندەك ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى يۇقىرى ئورۇنغا پېشقەدەم ئىنقىلابچى موسۇل ھاجى مۇھىتىنىڭ ئوغلىدەك بىر قەھرىماننىڭ ھاكىم بولۇشىغا زادىلا چىداپ تۇرالماي، ئۇنى قەستلەش پىلانى تۈزگەن. بۇ خىل سۇيىقەستنى دەل ۋاختىدا سېزىپ قالغان ئويغاق ھاكىم ئالدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، پۈتۈن ئىشغالچىلارنى زىلزىلىگە سالغان ئايغىربۇلاق ھۇجۇمىنى تەشكىللەپ، دۈشمەننىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەن. لېكىن، كۆپ سانلىق ۋە

زامانىۋى قوراللانغان دۈشمەنگە قارشى تالاپەتنى ئازايتىش ئۈچۈن تاكتىكىلىق چېكىنىپ ئۇرۇش قىلغاچ، سابىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسى ئەمەلىي تىزگىنلەپ تۇرغان ئازات يۇرتلارغا ساق - سالامەت يېرىۋالغان. يېڭىلا تۈرمىدىن چىقىپ تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن خېۋىر تۆمۈر ئەپەندىمۇ ھاكىم ئابدۇراخماننىڭ يېتەكچىلىكىدە غۇلجىدا قىزغىن قارشى ئېلىنغان. چۈنكى، دۈشمەنلەر تۆمۈر ئېلىنىڭ بۇ تەۋەرۈك ئوغلىنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈشمەكتە ئىدى. شۇڭلاشقا، 1937 - يىلى باھار ئايلىرىدا تاغىسى مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردىن ھىندىستانغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغاندىن كېيىنكى مەمتىلى تەۋفىق ئەپەندىلەرنىڭ قەتلى قىلىنىش پاجىئەسىنىڭ تەكرارلىنىشىنى خالىمىغان ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپاندىكى مىللىي مائارىپ سەركىلىرى، جامائەت ئەرباپلىرىنى ۋە ئوت يۈرەك ئىنقىلابچىلارنى ئۆزى بىلەن بىللە غۇلجىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ تايانچ زاتلار ئازات ۋىلايەتلەردە تاكى 1949 - يىلى كۈزگىچە ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەسلىمىلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشكەن ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، يەنە شۇ ئەشەددىي تۈرك ۋە تۇران دۈشمىنى ستالىننىڭ خىيانىتى سەۋەبلىك، شۇ يىلى 10 - ئايدا ھاكىمىيەتنى گومىنداڭچىلاردىن ئاسانلا تارتىۋالغان قىزىل خىتاي باندىتلىرى ئانچە ئېغىر چىقىم تارتماستىن بىپايان شەرقىي تۈركىستاننى 1951 - يىلىغىچە تولۇق ئىشغال قىلىۋالدى. ستالىننىڭ بىۋاستە قوللىشىدا چىقىمسىز ئىشغال قىلىۋالغان بۇ تۇپراقلارنى مەڭگۈ ئىشغال قىلىپ تۇرۇش چوتىنى سوققان يېڭى دۈشمەنلەر چوڭ تازىلاشنى ئالدى بىلەن قوماندان تۆمۈر ئېلى پاشا ۋە ھەر قايسى سەپداشلىرىنىڭ ھايات ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن باشلىغان. خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى شۇ قېتىمقى چوڭ تازىلاشتا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىللىق ئاتالمىش قىزىل قىيامەتتە ئەڭ ئېغىر خورلانغان كىشىلەردىن بىرى ئىدى.

1949 - يىلدىن كېيىن چارەك ئەسىرگە يېقىن ئۇزۇن يىللار تۈرمىدە ياتقان خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى 1979 - يىلدىن تارتىپ، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ ماتېرىياللىرى ئىشخانىسىدا قايتا ئىشقا چۈشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1992 - يىلى ۋاپات بولغۇچە بولغان 12 يىللىق ئاخىرقى ھاياتىنى قەلەم كۈرىشى بىلەن ئۆتكۈزگەن.

خېۋىر تۆمۈر پەندى 1940 - يىللاردىلا ئۆزى يازغان ئىجادىي شېئىرلىرى بىلەن تونۇلۇپ بولغان ئىدى. ئۇ 1980 - يىللاردىن كېيىن ئۆزىدىن يۈز يىل بۇرۇن تۇرپاندا ياشىغان خەلق قوشاقچىسى موللا زەيدىنگە بېغىشلىغان تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسىرى «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، 1924 - يىلى 14 - ئاۋغۇست ئىچكى ۋە تاشقى تەرىپىدىن قەستلەپ شېھىت قىلىنغان ئابدۇقادىر داموللامغا بېغىشلىغان ئەسىرى «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»، 1933 - يىلى 13 - مارت تۇرپان قازىخانا مەسچىتى ئالدىدا قىلىچ بىلەن چېپىلغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بېغىشلانغان ئەسىرى «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ۋە «تاڭ ئالدىدا» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان.

يەتمىش يىلغا يېقىن ھاياتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز خەلقىنىڭ كېلەچىكى ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش، ھەممە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي روھىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن، بۇنىڭ بەدىلىنى ئوتتۇز يىللاپ زۇلمەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق تۈرمىلەردە ئېغىر تۆلىگەن ھەممەتلىك ئەزىمەت خېۋىر تۆمۈر ئەپەندىنىڭ ھارماس - تالماس يۈرىكى 1992 - يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، يەنى دادىسى تۆمۈر ئېلى ئىنقىلاب قوزغىغانغا 59 يىل توشقان قۇتلۇق كۈندە 70 يېشىدا سوقۇشتىن توختىغان.

بۇرھان شەھىدى 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئېلى تارىخىدىكى سىرلىق شەخس. ئۇنىڭ مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ۋە خىتاي كومپارتىيەسى دەۋرىدە ئىزچىل ھالدا يۇقىرى مەنسەپ تۇتقانلىقى ھەمدە ئەتىۋارلانغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنمۇ سىرلىق ئىچكى مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى مەلۇم. خۇددى ئۆز ئەسلىمىسىدە تەكىتلەپ ئۆتكىنىدەك ئۇ «گومىنداڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۆلكە رەئىسى، شۇنداقلا كومپارتىيە دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇنجى رەئىسى» بولغان كىشى.

تاتار جاسۇس بۇرھان شەھىدى يېشى 90 غا يېقىنلىشىپ قالغاندا، 1982 - يىلى يازغان ئاتالمىش «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» ناملىق بىئوگرافىك ئەسلىمىسىدە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار يۇرتىدىكى زور تارىخىي ۋەقەلەرگە شاھىت بولۇپ ئۆتكۈزگەن بىر ئەسىرلىك ھاياتىدىن ھېساب بېرىشكە تىرىشقان. لېكىن، شۇ چاغدىكى تارىخىي مەلۇماتلارنى تۈپتىن بۇرمىلاپ، ئۆزىنى قەھرىمان، قەھرىمانلارنى نادان، جاھىل ۋە ساتقۇن قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزكۇر بىئوگرافىك ئەسلىمىسىدە قومۇل مىللىي ئىنقىلابى پارتلاشتىن بۇرۇن مەخسۇت مۇھىتى، تاھىربەگ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ جىن شۇرېنغا قارشى مەخپىي تەشكىلات قۇرغانلىقىنى، ھەتتا تۇرپان قوزغىلىڭى يۈز بەرگەندە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۇنى تۇرپاندا قۇرۇلغۇسى مىللىي ھاكىمىيەتكە باش رەھبەر قىلىشنى ئويلاشقانلىقىنى تىلغا ئالغان.

ھالبۇكى، مەرھۇم ئەدىب خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا ( 1983 - يىلى ) بۇرھان شەھىدىنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بىر قىسىم توقۇلمىلار بىلەن گۇمانلىق نۇقتىلارنى ئەل جامائەتچىلىككە ئاشكارا پاش قىلغان. خېۋىر تۆمۈر ئېنىق قىلىپ، بۇرھان شەھىدىنىڭ مەزكۇر قىزىل ئەسلىمىسىدىكى بايانلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تارىخىي رېئاللىق بىلەن پۈتۈنلەي زىتلىقىنى، ئۇنىڭ ئەينى دەۋردە قومۇل - تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا ئەمەس، بەلكى دۈشمەن جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە ئىزچىل يانتاياق بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ يەنە بۇرھان شەھىدىنىڭ گېرمانىيەدىن سېتىۋالغان قوراللىرى بىلەن قوراللانغان جىن شۇرۇن ئارمىيەسىنىڭ قومۇل - تۇرپاندا ئۇيغۇر خەلقىنى قاتتىق قىرغىن قىلغانلىقىنى پاكىتلىق پاش قىلغان.

قىسقىسى، 1949 - يىلدىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ «بالا» ، «ئالدانغان چولپان»، «تىنچلىق»، «يولۋاس ئۇخلاپ ياتتى» قاتارلىق ھېكايە داستانلىرى ئېلان قىلىنغان.

خېۋىر تۆمۈر 1978 - يىلىدىن كېيىنكى ئون يىللىق قىسقا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ قايتىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ «موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە » ناملىق ئىككى توملۇق ئەسرى ، «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە » ناملىق تارىخى قىسسىسى ، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم » ناملىق رومانى، « تاڭ ئالدىدا » ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇلاق مەجمۇئەسىدە « ئابدۇقادىر داموللا » ناملىق تارىخى ئوچېرىك ، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى دە «خالىسخان» ، «كۆلپەتلىك يىللار» ، قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلىدا «بىر مەيدان پۈت مۇسابىقىسى.»، « ياقۇپبەگ ۋە موللا مۇھەممەتيار خەلپەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى ، سەنئەت ژۇرنىلىدا « موللا زەيدىن» ناملىق كىنو سىنارىيىسى ، «ئىككى ئانا» ، «كەلدى باھار» ناملىق درامىلىرى ، تارىم ژۇرنىلىدا « ئالتۇن ئەقىل»، «سۈرەت»، «ۋاقتىم يوق» قاتارلىق ھېكايە، شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان.

مەرھۇم يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» قاتارلىق تارىخىي رومانلىرى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا ھەر ۋاقىت ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

گەرچە بۇ ئەسەرلەر ئېلان قىلىنغىلى 40 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، خەلقىمىز يەنىلا قولىدىن چۈشۈرمەي ئەتىۋارلاپ ئوقۇپ كەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى، خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى يازالىدى. ئۇ ئىجادىيەت ھاياتىدا نۇرغۇن دەرت - ئەلەملەرنى تارتقان بولسىمۇ، قولىدىن قەلەمنى چۈشۈرمەي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەردانە ياشىغان يازغۇچىدۇر. ئۇ ھاياتنى سۆيۈپلا قالماي، پۈتۈن تىرىشچانلىقى بىلەن تۇرمۇشقا، كېلىچەككە ئۈمىد بىلەن بېقىپ «ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى يورۇق » دېگەن ئەقىدە بىلەن نۇرغۇن جاپا-مۇشاقەتلەرنى يېڭىپ، ھاياتنى ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئۈمىدلىك ياشىغان يازغۇچىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاددىي ئىشلاردىن ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش روھى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ خەلقىمىزنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ، ئۈچ تارىخىي رومانىنى خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىپ، ئۈن-تۈنسىز كېتىپ قالدى.

خېۋىر تۆمۈر رومانچىلىقتىلا ئەمەس، قىسقا ھېكايە يېزىقچىلىقىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا ئىگە يازغۇچى ئىدى. بۇ جەھەتتىكى تالانتىنىڭ بىر نامايەندىسى «بىر قاپاق ئالتۇن»، «ئالتۇن ئەقىل»، «ئەخمەقنىڭ مۆجىزىسى» قاتارلىق ھېكايىلىرى سۆزىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. چۈنكى، بۇ ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان 2000-يىلى 12- ئايدا ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «خېۋىر تۆمۈر ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ناملىق ئەسەر خەلقىمىز تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلماقتا. بۇ ھېكايىلەردە تەسۋىرلەنگىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى كۈلكىلىك ۋەقەلىك بولۇپ، ھەر بىر ھېكايىدە يارىتىلغان

ئەجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلار تولىمۇ يۇمۇرىستىك ياشىغان، زامانىنىڭ ئۆكتەملىرىگە بويسۇنمىغان، ھەر خىل تىپتىكى ئادەملەر ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچىنىڭ كىتابىدىكى ھېكايىسىدىن «ئەخمەقنىڭ مۆجىزىسى» دېگەن ھېكايىسىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بۇ ھېكايە ئاز، ئەمما تولىمۇ ساز يېزىلغان ھېكايىدۇر. ھېكايە ئېلان قىلىنغان مەزگىللەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەسخىرە ۋە يۇمۇرلۇق تۈس ئالغان ئەسەرلەر يوق دېيەرلىك ھالەتتە بولغاچقا، دەل بۇ ھېكايە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ چاڭقىغان دىللىرىغا مەلھەم بولغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئوقۇرمەندە ھېچقانداق ئىستېتىك زوق قوزغىيالمىغان ، يەنە كېلىپ ئۇزۇندىن – ئۇزۇن سوزۇلغان زېرىكىشلىك ئەسەرلەر بىلەن بەت سانىنى كۆپەيتىپ، كىشىلەرنى رومان، پوۋېست ئوقۇشتىن بىزار قىلىۋەتكەن بىر قىسىم ئەسەرلەردىن «ئەخمەقنىڭ مۆجىزىسى» دەك ئۆتكۈرلۈق يېزىلغان كومېدىيىلىك تۈسى قويۇق ، تەبىيئى ئەھمىيىتى چوڭ قىسقا ھېكايىلەر مىڭ ئەۋزەل. بۇ ھېكايىدىكى تىپىك پېرسوناژ تولىمۇ قىزىقارلىق يارىتىلغان بولۇپ، خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشچان ھالەت جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم تۈتۈرۈقسىز كىشىلەرنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلالمايدىغان، ئاددىي، كىچىك ئىشلارنى ياراتمايدىغان، كەسپتە ئۇتۇق قازانغانلارنى بولسا كۆرەلمەستىن بوھتان چاپلاپ، كەينىدىن غەيۋەت قىلىدىغان بىر ناكەسىتىنىڭ ئوبرازىنى تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان بولۇپ، ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەننى جەمئىيەتتىكى ئورنىدىن پايدىلىنىپ چامىنىڭ يېتىشچە تىرىكچىلىك قىلىپ ھالال ياشاشقا، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ رىزىقىغا ئولتۇرماسلىققا ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالسا تۇرمۇشنىڭ، بولۇپمۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ تولىمۇ مەنىسىز بولىدىغانلىقىنى، تولىمۇ يارقىن تەسۋىرلىگەن.

قىسقىسى، كىتابتىكى ھەربىر ھېكايىنىڭ تېمىسى سەرخىل، مەزمۇنى ساغلام، ئاممىباب تىلدا يېزىلغان ئۆرنەك ئەسەرلەر بولۇپ، ھەربىر ۋەقەلىك تۇرمۇشقا يېقىن، تولىمۇ قىزىقارلىق توقۇلغان. ھېكايىلەردىكى ئىپادىلەنگەن سەلبىي، ئىجابىي پېرسوناژلار بىر قارىسىڭىز ئەتراپىڭىزدا بەردەك، بىرقارىسىڭىز يوقتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇ بەلكىم ئەسەرنىڭ ئۆتكۈرلۈق يېزىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

مېنىڭچە يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆتۈۋالغىنى يەنىلا ۋەكىل خاراكتېرلىك ئۈچ تارىخىي رومانىدۇر. يازغۇچى بۇ ئۈچ تارىخىي رومانىنى يازغۇچى ئاتىلىپ نام چىقىرىش ئۈچۈن يازمىغان، بەلكى يېقىنقى زامان شەرقىي تۈركىستان  تارىخىنى، جۇملىدىن قەشقەر تارىخىنى، تۈرپان تارىخىنى خەلققە بىلدۈرۈش، بولۇپمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن يېزىپ چىققان. مانا بۇ يازغۇچىنىڭ خەلققە مەسئۇل بولۇشى، كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن نەزەر سېلىشى، ئاۋامنىڭ تەقدىرىنى ئويلىشىدۇر. چۈنكى، «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق رومانلىرىدا ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا ياشاپ ئۆتكەن، رېئال مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنى، ئۇلارنىڭ ئەل ئارىسىدا تارالغان ئۆلگىلىك ئىش - ئىزلىرىنى بەدىئىي تۈستە قەلەمگە ئېلىپ،

ئەدەبىيلەشتۈرۈپ، بىر قارىسا تارىخ، بىر قارىسا ھېكايە تۈسىدە تولىمۇ قىزىقارلىق قىلىپ يازغاچقا، خەلق قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ كەلمەكتە.

«موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» دېگەن ماۋزۇغا كەلسەك، يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر تارىخىي رومانلىرىنىڭ ئىلان قىلىنىماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ «قىسسە» دېگەن سۆزنى ئەسەر تېمىسىغا قوشۇپ قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى «قىسسە»دېگەن سۆز ھەرگىزمۇ رېئاللىقتىكى چىن ۋەقەلىك ئەمەس. بۇنى ئوقۇرمەنلىرىمىز ئوبدان بىلسە كېرەك. «قىسسە» دېگەن رىۋايەت ئۇسلۇبىدا، ئاغزاكى توقۇلغان ھېكايە سۆزلەش ئارقىلىق خىيالىي تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق يارىتىلغان ۋەقەلەر توقۇلمىسىدىن بارلىققا كەلگەن ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ.

«موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» رومانىدىكى تىپىك پېرسوناژ، 19-ئەسىردە تۇرپاننىڭ لۈكچۈندىكى باغرا يېزىسىدا تۇغۇلغان كىشى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئاممىنى كۆلدۈرۈپ، ھۆكۈمران ھاكىمىيەتنى، بۇ ھاكىمىيەت ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ ئۆزىنىڭ كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، پۇقرالارنى بوزەك قىلغان بىر قىسىم دىنىي تونغا ئورنىۋالغان پەتىۋاچى، خۇراپىي موللا-ئىشانلارنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ، ئۇلارنى ئەخمەق قىلىدىغان يۇمۇرلارنى سۆزلەپ، ئاۋامنى كۈلدۈرۈشىدىكى مەقسەتمۇ جاھان تەڭسىزلىكىگە بولغان نارازىلىقى بولۇپ، خەلقنى ئويغىنىپ ئادالەتنى ياقلايدىغان بىر ھەققانىي ھاكىمىيەتنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، خەلقنىڭ ھەرگىز بۇ ھىيلىگەر تۈلكىلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەي، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشنى ئارزۇ قىلىشتەك ئىسيانكار روھى ھەربىر قىزىقارلىق ھەرىكىتى، يۇمۇرىستىك كۈلدۈرگىلىرىدە ئەكس ئېتىدۇ. قانخور زالىملار، زوراۋان ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئىشلەۋاتقانلارنىڭ جېنىغا تېگىپ كېتىپ، قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قىزىقچىلىقى بىلەن ئاۋامنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولۇپ، تۇرپان، كورلا، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا تىرىكچىلىك قىلغان پائالىيىتى تولىمۇ يۇمۇرىستىك يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قىزىقچىلىقى پۈتۈن ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا پۇر كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن رەزىل كۈچلەرنىڭ نەزىرىدە موللا زەيدىن كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ، چوقۇم يوقىتىش كېرەك بولغان شەخسكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

موللا زەيدىن يالغۇز ئادەتتىكى بىر قىزىقچىلا ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئەقىل-پاراستى ۋە زېرەكلىكىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك، ئۆتكۈر چاقچاقلىرى ۋە يۇمۇرىستىك قوشاق-بېيىتلىرى ئارقىلىق ۋاڭ، بەگ- خوجىلارنىڭ خەلق ئاممىسىغا سالغان دەھشەتلىك زۇلۇملىرىنى، خەلققە قىلغان زورلۇق-زومبۇلۇقلىرىنى، مۇتەئەسسىپ-خۇراپىي كۈچلەرنىڭ ۋاڭ-خوجىلارغا يانتاياق بولۇپ، خەلق ئاممىسىغا كەلتۈرگەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدىن مەسخىرىلىك شىكايەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ دىنىي تونغا ئورنىۋالغان جاناباقتى ئاچكۆز قازىلارنى ئەپچىللىك بىلەن قاتتىق باپلاپ، خەلقنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ.

مەسىلەن، موللا زەيدىنىڭ خەلق سۆيەرلىكى ئۇنىڭ ۋاڭنىڭ چۈشۈرگەن ئېرىق چېپىش يارلىقىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى قورقۇتۇپ، بېسىم ئىشلىتىپ، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىپ، قاۋاندەك سەمرىمەكچى بولغان ۋەلىخان بەگ ۋە مەتىم دوغىنى ئۇستىلىق بىلەن دەررىگە تۇتۇپ بېرىپ جازالىتىشى، بىگۇناھ ھالدا زىندانغا تاشلانغان سېتىۋالدى، ياقاڭ ، ئامۇر سۇلتان، قوغۇنچى بوۋاي قاتارلىق ئون نەچچە گۇناھكارنى زىنداندىن قويدۇرۇۋېتىشى؛ تۇل ئايالنى ئۆلتۈرۈپ، پۇل-ماللىرىنى ئۆزى ئوغرىلىۋېلىپ، يۇرت خەلقىنى قىيىن – قىستاققا ئېلىۋاتقان خوجا ھاپىزبەگنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، خەلق ئامىمىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشى، نادان ئاممىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆلارنىڭ قىزلىرىنى دۇئا ئوقۇپ قويۇش بەدىلىگە ئۆز نىكاھىغا ئېلىۋالىدىغان چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىز ئىشان داموللىنى پەم بىلەن قاتتىق بابلاپ، بۇ شەھۋەتپەرەس قېرىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا قاتتىق رەسۋا قىلىشى قاتارلىق ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق، ئوقۇرمەنلەرگە ھەر دائىم ھەق ۋە ئادالەت تەرەپتارى بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئۈن - تىنىسىز يول كۆرسىتىش ھېسابلىنىدۇ.

«ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» ناملىق تارىخىي رومانغا كەلسەك، روماندىكى تىپىك پېرسوناژ ئابدۇقادىر داموللا مىلادىيە 1870 -يىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا تۇغۇلغان. قەشقەر، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان. مىلادىيە 1924- يىلى 14 - ئاۋغۇستا قەشقەردە سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن، رېئال تارىخىمىزدا ئۆتكەن ئادەمدۇر. بۇ ئىسىل زات پۈتۈن ئۆمرىنى قەشقەردە يېڭى مەكتەپ ئېچىش، بالىلارنى ياخشى ئوقۇتۇپ، كونا، خۇراپىي قاراشلارنىڭ ئەمدى ئەسقاتمايدىغانلىقىنى پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت غايە بىلەن ياشىغان، بۇ ئۇلۇغ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان گىگانت شەخس ئىدى. ئەپسۇس بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايلا تۇرۇپ بىر مۇناپىقنىڭ قەست قىلىشى بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالىدۇ. ئامما بۇ مەشھۇر زاتنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدى ھازىرغىچە مەرىپەتسۆيەر خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

روماندا تەسۋىرلەنگەن بۇ مەرىپەتپەرۋەر بۈيۈك زات بىر تۈركۈم دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان، تولىمۇ خۇراپىي مەلئۇنلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراشتەك ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئىلىم ئۆگەنمەسلىكنىڭ ئىنسانغا ئېلىپ كېلىدىغان پايدا - زىيىنىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىپادىلەپ، رومانىنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئوقۇرمەنلەرنى شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا باشلاپ كىرىپ، بىر تۈركۈم نادان مۇخلىسلارنىڭ خەلقىمىزنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتەك رەزىل قىلمىشلىرىغا قاتتىق غەزەبلىنىدۇ.

«بالدۇر ئويغانغان ئادەم» روماندا بولسا، 1901- يىلى تۇرپان يېڭىشەھەردە تۇغۇلغان، يېڭى مەكتەپ ئېچىپ، مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، خەلقنى ئويغىتىپ، نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ئايرىپ، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەردەك ئەركىن، ھۆر ياشاش يولىدا زالىملارنىڭ ئۈستىدىن

ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ تولىمۇ يوللۇق ئىكەنلىكىنى خەلققە بىلدۈرۈپ، چىرىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ، خەلقنىڭ پۈتكۈل ھوقۇقىنى قوغداپ، كىشىلىك ھاياتنى قەدىرلەپ، ئېزىش، ئېزىلىش بولمىغان بىر ھەققانىي ھاكىمىيەتنى قۇرۇشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى خەلقە بىلدۈرۈپ، ئادالەتنى ياقلاپ خەلقنى بىر خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە نىيەت قىلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى خەلق قوزغىلاڭچىلىرىغا ئۆزى بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇ بۈيۈك ھەققانىي كۈرەشنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ قېلىشىدىن قاتتىق قورققان شېڭ شىسەي قانچىلىك ئالتۇن - كۆمۈش كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈشتەك رەزىل پىلانىنى ئىشقا سېلىپ، ئاخىرى مال - دۇنياغا تويمايدىغان بىر ئوچۇم مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن، مىلادىيە 1933- يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چېپىپ تاشلىنىدۇ. بۇ رېئاللىق روماندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، رومانىنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەننىڭ قەلبىدە ئۇيغۇرنىڭ ئىلمسۆيەر ئالىي جاناب پەزىلىتى نامايان بولىدۇ.

### خېۋىر تۆمۈرنىڭ يوقاپ كەتكەن رومانى

ئەينى زاماندا تۇرپان تارىخىدا يۈز بەرگەن ئىنانچىخانلىقىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى، يەنە كېلىپ تۇرپاندا ئىنانچىخانلىقىنىڭ ئاخىرقى ۋارىسلىرىدىن بولغان مامۇت خوجا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ناتۇرخان قاتارلىق شەخسلەر ئۆتكەن بولۇپ، خېۋىر تۆمۈر شۇ تارىخىي ۋەقەلەرنى قوراشتۇرۇپ ئىككى قىسىملىق رومان يازغان. ئەمما ئۇنىڭ بۇ رومانىنى شۇ ۋاقىتتا نەشر قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، پۇرسەت كەلگەندە نەشر قىلدۇرىمەن دېگەن ئوي بىلەن ساقلاپ قويغان. ئەمما مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۆي ئاقتۇرۇش ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، خاتىرجەم بولالماي، بۇ رومانىنى بىر خالتىغا سېلىپ، ئۈرۈمچىدىكى بىر ساقچى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە كۆتۈرۈپ چىقىپ، شۇنىڭغا ساقلاپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان. «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك، بۇ ساقچى ئاغىنىسى بۇ ئەسەرنى تېخىمۇ بىخەتەر ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن، بىر كىچىك ساندۇققا سېلىپ، ئايدىڭ كېچىسى دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىنى بىر مېتىر كولاپ، شۇ يەرگە كۆمۈپ قويغان. قېرىشقاندەك 1970 - يىلى ھۆكۈمەت يول ياسايمىز دەپ ئۇلارنىڭ ئۆيىنى چېقىۋەتكەن، ئەمما يەشىكنى كۆمۈپ قويغان كىشىلەر بۇ يەشىكنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان. ئېسىگە كەلگەندە بولسا ئۇ يەرنىڭ ئىزنىمۇ تاپالمىغان. شۇيەردە قۇرۇلۇش قىلغانلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ باققان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىغان. 1979-يىلى يازغۇچى خېۋىر تۆمۈرنىڭ نامى ئەسلىگە كېلىپ، ئەينى چاغدا يازغان ئاشۇ رومانىنى يۇرۇقلۇققا چىقىراي دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۇ ساقچى ئاغىنىسىنىڭ يېنىغا بارسا، ئۇ ساقچى تولىمۇ

ئەپسۇسلانغان ھالدا يۇقىرىقى ۋەقەلىكنى دەپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن خېۋىر تۆمۈر ئۇلۇغ بىر تىنىپ قويۇپ، گەپ-سۆز قىلماستىن چىقىپ كەتكەن.

***

يىغىنچاقلىغاندا، مەرھۇم تالانتلىق يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر ھازىرقى بىر قىسىم يازغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا رومان يېزىپ يازغۇچى ئاتىلىش تاماسىدا ئەمەس، يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈش نۇقتىسىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ بۇ ئۈچ ئېسىل تارىخىي رومانىنى يازغان. يازغۇچى قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن، يېزىش تەس، ھۆددىسىدىن چىقىشمۇ تەس بولغان بۇ ئۈچ تارىخىي رومانىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى زامان تارىخىي رومانچىلىقىمىزدا ئۆزگىچە خاس يول تۇتۇپ، ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان يېتۈك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

خىتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى مائارىپنى چەكلەپ، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلار تۈركىيەدە ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىنماقتا. يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر يازغان، ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى بايان قىلىنغان «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق رومان ئاخىرى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، تۈركىيەدە نەشر قىلىندى. بۇ رومان 1983-يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئىدى. 302 بەتلىك مەزكۇر رومانىنى تۈركىيە ياۋرو-ئاسىيا يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ «بەنگۈ» نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان. كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا تۇرپاندىكى سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىنىڭ سۈرىتى بېرىلگەن.

### خېۋىر تۆمۈرنىڭ تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان رومانى

كىتاب ھەققىدە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورانتى كەمال بوزوق ئەپەندى كىتابنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىش جەريانى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ، مۇنداق دەيدۇ: «خېۋىر تۆمۈرنىڭ ‹بالدۇر ئويغانغان ئادەم›

نامىلىق رومانى بىلەن ماگېسترلىق ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا تونۇشقان ئىدىم. مەزكۇر رومان تارىخىي ھەقىقەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇرلاردىكى مىللىي روھ ھەققىدە يېزىلغان بۇ رومانىنى بارلىق ئۇيغۇرلار ئوقۇشى كېرەك. رومانىنىڭ باش پېرسوناژى بولغان شېھىت ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەھرىمانلىق ھاياتى ھەممە كىشىنىڭ مېڭىسىگە نەقىش بولۇپ ئويۇلۇشى كېرەك. يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر رومانىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتىنى ئاساس قىلغان ھالدا تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىدىن قۇمۇل ئىنقىلابىغىچە بولغان ئۇيغۇر تارىخىدىكى ۋەقەلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ، ئۆز تارىخىنى ئۆگىنىش ئىمكانىيەتى بولمىغان ئۇيغۇرلارغا سۇنغان.

ئىزمىردىكى ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك دۇنياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى پروفېسسورى ئالىمجان ئىنايەت ئەپەندى «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» نامىلىق رومانىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز خەلقىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى، ئۇيغۇرلار ئېغىر ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مەزكۇر رومانىنىڭ تۈركىيە نەشر قىلىنىشىنىڭ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.



# تەشكلي هەركەت ئلعى دەگەن نەمە؟

# تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمى دېگەن نېمە؟

ھەر بىر كارخانىنىڭ ئۆزىگە خاس كۇلتۇرى بولىدۇ. ھەر بىر خىزمەتچى شىركەتكە مەلۇم بىر تېخنىكىلىق ماھارەتنى ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىگە خاس خاراكتېر، قىممەت قارىشى ۋە ئېتىقادىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتلەر خىزمەتچىلەرنىڭ گۇرۇپپا ئىچىدىكى ئالاقىسىنى، باشقا خىزمەتداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە باشقۇرۇش قاتلىمىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى بەلگىلەيدۇ.

تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمى خىزمەت ئورنىدىكى مەدەنىيەتنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى، ھەمدە شەخس ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ساھە بويىچە ئىزدىنىش يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئىلمىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. مەسىلەن، جەنۇبىي ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (USI) ئادەم كۈچى بايلىقى يۆنىلىشىدىكى توردا ئوقۇتىلىدىغان سودا باشقۇرۇش ماگىستىرلىقى (MBA) پروگراممىسى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. خىزمەت ئورنىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ئىش-ھەرىكەتلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىش، ئۈنۈملۈك رەھبەرلەر ۋە باشقۇرغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

## تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمىگە بېرىلگەن ئېنىقلىما

تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمى (OB) خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە تەشكىلىي جەريانلارنى تەتقىق قىلىدىغان كۆپ تەرەپلىمىلىك پەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى تەشكىلاتنىڭ ئۈنۈمىنى ۋە ئۈيۈشۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇشتۇر. بۇ پەن تەمىنلىگەن چۈشەنچىلەردىن پايدىلىنىپ، خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى ئەلالاشتۇرغىلى بولىدۇ.

بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلار خىزمەتچىلەرنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە تەشكىلاتنىڭ ئومۇمىي مۇۋەپپەقىيىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كادىرلارنى باشقۇرۇشتا ئىلمىي ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. پسىخولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق، سىياسىي پەنلەر ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمى تەتقىقاتىغا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشۇپ كەلمەكتە.

## تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمى نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟

كۆپىنچە كىشىلەر ھاياتىنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىدا خىزمەتداشلىرى ياكى گۇرۇپپا ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ساغلام بولمىغان ياكى سەلبىي كەيپىياتتىكى خىزمەت مۇھىتىدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەسىلەن، خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىدىن قانداق ئىش-ھەرىكەتلەر كۈتىلىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ياكى باشلىق گۇرۇپپا ھەمكارلىقىنى ۋە ئۇچۇق ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. كۆچلۈك تەشكىلىي ھەرىكەت ئەندىزىسى كەمچىل بولغان ئورۇنلاردا خىزمەت ئورنىدىكى سەلبىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ناتوغرا كۈلتۈر ئادەتتىكى بىر ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

تەشكىلىي ھەرىكەتنى تەتقىق قىلىش تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتچىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق قىلىپ ئىجابىي ياكى سەلبىي ئۇسۇلدا ئىش تۇتىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. رەھبەرلەر خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى قوزغىتىدىغان ئامىللارنى ئېنىقلاش ئارقىلىق، ياخشىلاشقا تېگىشلىك ساھەلەرنى نىشانلىق بېكىتەلەيدۇ، ھەمدە تېخىمۇ ئىجابىي بىر مەدەنىيەت ۋە خىزمەت مۇھىتى يارىتىش ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەشكىلىي ھەرىكەت تەتقىقاتىنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىش خىزمەتچىلەرنىڭ شىركەت مەدەنىيىتىگە ماسلىشىشىغا ياردەم بېرىدۇ. باشقۇرغۇچىلار بولسا شىركەت مەدەنىيىتىنىڭ خىزمەتچىلەرنىڭ قىزغىنلىقى، ئۈنۈمدارلىقى ۋە شىركەتتە قېلىش نىسبىتىگە قانداق تۈرتكە بولىدىغانلىقى ياكى توسالغۇ بولىدىغانلىقى ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئېرىشىدۇ.

تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمى يەنە باشقۇرغۇچىلارنىڭ خىزمەتكە ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ ماھارىتى ۋە خاراكتېرىگە باھا بېرىشكە ياردەم بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئادەم كۈچى بايلىقى بۆلۈمىنىڭ شىركەتكە ئەڭ مۇۋاپىق خىزمەتچىلەرنى تاللىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. گەرچە بۇ ئىشلارغا باھا بېرىشنىڭ مۇتلەق بىرلا ئۇسۇلى بولمىسىمۇ، ئەمما تەشكىلىي ھەرىكەت نەزەرىيەسى تەشكىلاتلارنىڭ ئىجابىي ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىچكى كۈلتۈر يارىتىشى ئۈچۈن بىر يۈرۈش يېتەكچى پرىنسىپلارنى تەمىنلەيدۇ.

## تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمى ۋە باشقۇرۇشنىڭ نىشانلىرى نېمە؟

تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمىنىڭ ئاساسلىق نىشانلىرىدىن بىرى — نىمىنىڭ خىزمەتچىلەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشتۇر. تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەت رازىمەنلىكىنى ئۆلچەش ئۇسۇللىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەمما ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ئۆلچەم كۆرسەتكۈچلىرى ئادىل ۋە باراۋەر مۇكاپاتلاش سىستېمىسى، جەلپ قىلارلىق خىزمەت، ئېنىق تەلەپلەر، كۆڭۈللۈك خىزمەت شارائىتى ۋە ياخشى باشقۇرغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقۇرغۇچىلار خىزمەتچىلەرنى نىمىنىڭ رىغبەتلەندۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئارقىلىق خىزمەت رازىمەنلىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز سىياسەتلىرىنى تەڭشىيەلەيدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ.

خىزمەتچىلەردىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى يېتىلدۈرۈش تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمىنىڭ مۇھىم نىشانى بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەتقىقات ساھەسى يەنە خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىپ، تېخىمۇ ئوچۇق ئالاقە ۋە پائال قاتنىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمى تەتقىقاتى باشقۇرغۇچىلارنىڭ تەشكىلاتنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارغا مۇنداق بىر يول خەرىتىسىنى تەمىنلەيدۇ:

خىزمەت نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش

خىزمەت رازىمەنلىكىنى ئاشۇرۇش

يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجادچانلىقنى يېتىلدۈرۈش

رەھبەرلىككە رىغبەتلەندۈرۈش

خېرىدارلار مۇلازىمىتىنى ياخشىلاش

ئەخلاقىي ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈرۈش

ئىجابىي خىزمەت مۇھىتى يارىتىش

## تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمىنىڭ ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىشىغا دائىر مىساللار

دۇچ كەلگەن خىرىسلار ۋە كۆزلىگەن نەتىجىلەرگە ئاساسەن، باشقۇرغۇچىلار خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى قايتا تەشكىللەش، نەتىجە باھالاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ياكى مائاش-مۇكاپات تۈزۈلمىسىنى تەڭشەش قاتارلىق ئوخشىمىغان تاكتىكىلارنى قوللىنىشى مۇمكىن. نىمىنىڭ خىزمەتچىلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغايدىغانلىقىنى چۈشىنىشمۇ باشقۇرغۇچىلارنىڭ شىركەت تەرتىپلىرى ياكى سىياسەتلىرىنى قانداق تەڭشىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمى — ئادەم كۈچى بايلىقى بۆلۈمى ۋە نازارەتچىلەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش يول خەرىتىسى بىلەن تەمىنلەيلا قالماستىن، يەنە خىزمەتچىلەرنىڭ تەشكىلات مەدەنىيىتىگە ماسلىشىشىغىمۇ ياردەم بېرىدۇ. مۇكەممەل بىر تەشكىلىي ھەرىكەت ئەندىزىسى يولغا قويۇلغاندا، خىزمەتچىلەر ئۆزىنى ۋە ئۆز رولىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتەلەيدۇ. بۇ بولسا ئۇلارنىڭ شىركەتتە قانداق قىلغاندا ئەڭ ياخشى نەتىجە قازىنىپ، تەرەققىي قىلالايدىغانلىقىنى چۈشىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

بۈگۈندىن باشقا، تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمىگە ئەھمىيەت بېرىش باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋاللاردا خىزمەتچىلەرنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ توغرا مۆلچەرلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. قابىلىيەتلىك رەھبەرلەر تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمى تەمىنلىگەن چۈشەنچىلەرگە ئاساسەن، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە سىياسەتلەرنى تەڭشەيدۇ، بۇ ئارقىلىق باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ.

ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان، خىزمەتچىلەر ئۆزىنىڭ قەدىرلەنگەنلىكىنى ھېس قىلىدىغان ۋە شىركەتلەر گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىدىغان بىر مەدەنىيەت يارىتىش — تەشكىلىي ھەرىكەت ئىلمىنىڭ يادروسىدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://online.usi.edu/degrees/business/mba/human-resources/what-is-organizational-behavior/



# خىتاي ھەققىدە نېمىلەرنى ئېيتىش كېرەك؟

# خىتاي ھەققىدە نېمىلەرنى ئېيتىش كېرەك؟

3-ئايدا ئامېرىكا دۆلەتلىك ئاخبارات مۇدىرلىقى ئىشخانىسى «2025-يىللىق يىللىق تەھدىت باھالاش دوكلاتى» (ATA) نى ئېلان قىلدى. مەزكۇر دوكلاتتا تۇنجى قېتىم خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھازىرقى ۋاقىتتا ئامېرىكا دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ كۈچلۈك تەھدىت مەنبەسى دەپ بېكىتىلدى. خىتاينىڭ ئەسكىرىي، ئىقتىساد، دىپلوماتىيە ۋە ئۇچۇر ساھەلىرى بويىچە نېمە ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك تەھدىت دەپ تەرىپلەنگەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرى، ئامېرىكا فېدېراتسىيە كېڭەش پالاتا ئەزاسى توم كاتىن تەرىپىدىن پىشقان ۋە ئۆتكۈر ئۇسلۇبتا يېزىلغان «خىتاي ھەققىدە تىلغا ئېلىشقا بولمايدىغان يەتتە نۇقتا» ناملىق يېڭى كىتابتا تولۇق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

كاتىننىڭ بۇ ئىخچام ئەسىرى خىتاينىڭ ئىقتىدارى، ھەرىكەتلىرى ۋە ئامېرىكىغا جەڭ ئېلان قىلىش غەرىزىگە نىسبەتەن ئىنتايىن چۈشىنىشلىك، شۇنداقلا ئۆتكۈر بىر نەزەر بىلەن باھا بېرىدۇ. ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرنى نىشانلىغان بۇ كىتاب، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى رەھبەرلىك ئورنىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن نەچچە ئون يىلدىن بۇيان يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان پىلانلىرىنى كاتىننىڭ نەقەدەر چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىتابتا يەنە ئۇنىڭ كېڭەش پالاتاسى ئاخبارات ئالاھىدە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ھازىرقى رەئىسى سۈپىتىدە خىتاي رەھبەرلىك قاتلىمى ھەققىدە ئىگە بولغان نادىر كۆز قاراشلىرىمۇ ئورۇن ئالغان.

«خىتاي ھەققىدە تىلغا ئېلىشقا بولمايدىغان يەتتە نۇقتا» ناملىق كىتابىدا، كاتىن ھېچقانداق نەرسىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىن، تاراتقۇلارنىڭ ئادەتلىرىنى، مەپكۇرەۋى خاھىشلارنى، سودا مەنپەئەتلىرىنى ۋە رەھبەرلىرىمىزنىڭ خىتاينى «رەزىل ئىمپېرىيە»، دۇنياغا قارىتا ئىقتىسادىي ئۇرۇش قوزغىغان، قوراللىق توقۇنۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان، ئامېرىكا جەمئىيىتىگە ۋە ھۆكۈمىتىگە سىڭىپ كىرگەن ھەمدە ئامېرىكىلىق باللارنى نىشانلىغان، دەپ ئېيتىشىنى توسۇۋاتقان دىپلوماتىك سىپايىلىكلەرنى پاش قىلىدۇ. ئۇ تىلغا ئېلىنماي كېلىۋاتقان مۇشۇ يەتتە نۇقتىنىڭ ھەر بىرىنى دەلىللەيدۇ، ھەمدە بېيجىڭنىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمرانلىق كۈرىشىدە غەلىبە قىلىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىدىن ئىبارەت — تىلغا ئېلىنماي كېلىۋاتقان يەنە بىر ئاچچىق ھەقىقەت بولغان — كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان خۇلاسە بىلەن تاماملايدۇ.

**رەزىللىك، يامان غەرەز ۋە سۇقۇنۇپ كىرىش**

كاتىپنىڭ بۇ كىتابتا يازغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بەزى ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن مۇبالىغە سۈپىتىدە رەت قىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ ئېنىق، ئىخچام ۋە قىسقا يېزىلغان ئۆتكۈر دەلىللىرى پۇختا مەنتىقىگە ئىگە بولۇپ، گەۋدىلىك پاكىتلار بىلەن دەلىللەنگەن. مەسىلەن، خىتاينىڭ بىر رەزىل ئىمپېرىيە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان دەۋاسى، ئۇنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ «ئۆز خەلقىنى نازارەت قىلىدىغان، تىزگىنلەيدىغان ۋە بويسۇندۇرىدىغان قورقۇنچلۇق بىر ساقچى دۆلىتىنى» قانداق قۇرۇپ چىققانلىقىنى تەسۋىرلىشى بىلەن تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. ئۇ پارتىيەنىڭ «بىر پەرزەنت» سىياستىنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش ۋە مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش قىلمىشلىرىنى؛ دىنىي ئەركىنلىكنىڭ، خۇسۇسەن خىرىستىيان دىنى ۋە فالۇنگۇڭ ھەرىكىتىنىڭ بېسىمغا ئۇچرىشىنى؛ تىبەت خەلقىگە ۋە ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى؛ ھەمدە ئادەتتىكى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ سىياسىي ئىشەنچلىكلىكىنى ئۆلچەيدىغان، مائارىپتىن تۇرالغۇغىچە بولغان بارلىق جەھەتلەردىكى ئېرىشىش ھوقۇقىنى بەلگىلەيدىغان ئىجتىمائىي ئىناۋەت نومۇرى تۈزۈمىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئاپتور يەنە خىتاينىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەربىي كېڭەيمىچىلىككە مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. نۆۋەتتە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىدىنمۇ چوڭ. (دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دېڭىز چارلاش فلوتى. ۋە ھەربىيلەشتۈرۈلگەن سودا كېمىلىرى فلوتى. بىلەن كۈچەيتىلگەن.) شۇنداقلا بېيجىڭ 2035-يىلغا بارغاندا يادرو بومبىسى زاپىسىنى 1500 غا يەتكۈزۈشنى پىلانلىماقتا. كاتىپ مۇنداق يازىدۇ: «دۆلەت بايلىقىنىڭ بۇنداق غايەت زور مىقداردا (ئەسكىرىي ساھەگە) مەبلەغ سېلىنىشى، پارتىيەنىڭ غەرىزىدىن ئېنىق بېشارەت بېرىدۇ.»

«خىتاي ھەققىدە تىلغا ئېلىشقا بولمايدىغان يەتتە نۇقتا» ناملىق بۇ كىتابتا يەنە پارتىيەنىڭ ئامېرىكانىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە مائارىپ ئاپپاراتلىرىغا شۇنداقلا ھۆكۈمەت قاتلاملىرىغا سۇقۇنۇپ كىرگەنلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، JP Morgan Chase بانكىسىنىڭ خىتاي سەرخىللىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى خىزمەتكە ئېلىش ئۈچۈن «پەرزەنتلەر پروگراممىسى» (Sons and Daughters Program) نى قانداق تەسىس قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ قىلمىش ئامېرىكانىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش قانۇنىغا خىلاپ بولۇپ، بانكا بۇ سەۋەبتىن 264 مىليون دوللار جەرىمانە تۆلەشكە مەجبۇر بولغان. كاتىپ يەنە ھانتېر

بايدىننىڭ (Honter Biden) خىتاي شىركەتلىرى بىلەن قىلغان، ھازىر ھەممىگە ئايان بولغان سەتچىلىك تۈسىنى ئالغان سودا ئالاقىلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئاپتور سابىق كېڭەش پالاتا ئەزالىرىدىن دەيۋىد ۋىتېر (David Vitter)، باربارا بوكسېر (Barbara Boxer) ۋە جو لىبېرمانىنى (Joe Lieberman) ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھازىر خىتاينىڭ دۆلەت بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار كارخانىلىرى ئۈچۈن لوبىچىلىق قىلىۋاتقان پېنسىيەگە چىققان سىياسەتچىلەرگە غەزەپ بىلەن قارايدۇ.

## تەسىر كۆرسىتىش ۋە تىز پۈكتۈرۈش

كاتىن كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان «خىتاي بالىلىرىمىزغا چاڭ سالماقتا» نامىلىق بابتا، تىكتوكنىڭ (TikTok) ئامېرىكالىق بالىلارنى ئۆز تىزگىنىگە ئېلىۋالغانلىقىغا دائىر ھېكايىلەردىن (2023-يىلى ئامېرىكىلىق ئۆسمۈرلەرنىڭ يۈزدىن 60 تىن كۆپرەكى بۇ ئەپنى ئىشلەتكەن) ھالقىپ ئۆتۈپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەكتەپلەرگە كۆرسىتىۋاتقان تەسىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا، شۇنداقلا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خىتاي تىلى ۋە مەدەنىيەت پروگراممىلىرىنى تەشۋىق قىلماقتا. كاتىننىڭ جەزم قىلىشىچە، سىرتتىن قارىماققا زىيانسىزدەك كۆرۈنىدىغان بۇ پروگراممىلار ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن قۇۋۋەتلىك بىلەن لايىھەلەنگەن. ئۇ كەپ-سۆزلىرىدە ئېھتىياتچان بولمىغان بىر خىتاي ئەمەلدارىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. مەزكۇر ئەمەلدار بۇ پروگراممىلارنىڭ «خىتاينىڭ چەت ئەللەردىكى تەشۋىقات قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى» ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ پروگراممىلارغا نەچچە يۈز مىليون دوللار سەرپ قىلماقتا، شۇنداقلا ئاكادېمىك ئورۇنلارغا مىلياردلىغان دوللارلىق ئىئانىلەرنى (كۆپىنچىسى تولۇق مەلۇم قىلىنمىغان) قوشۇمچە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى قوللىماقتا.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەيۋەننى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ دۇنياۋى ھۆكۈمرانلىق كۈرىشىدە غەلىبە قىلالمايدۇ. شۇڭا بېيجىڭ مەزكۇر ئارالنى كۈچ بىلەن تارتىۋېلىشقا ھازىرلانماقتا.

كاتىننىڭ بايانىچە، بۇ خىل چىقىملار يالغۇز ئۇنىۋېرسىتېتلاردىلا ئەمەس، بەلكى باشلانغۇچتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە (K-12) بولغان سىنىپلاردىمۇ خىتاينىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە. ئامېرىكا مەكتەپلىرىدىكى تەخمىنەن 120 ئەتراپىدىكى «كوڭزى ئىنستىتۇتلىرى» چەت ئەل ۋەكىللىك ئاپپاراتى دەپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاقالغان ئىدى. شۇنداقلا پارلامېنت، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سەت نامى چىققان «بىرلىك سەپ خىزمىتى بۆلۈمى» ئۈچۈن نىقاب بولۇپ بەرگەن ھەرقانداق ئۇنىۋېرسىتېتقا مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ مەبلەغ ئاجرىتىشىنى چەكلىگەن. شۇنداقتىمۇ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نامىنى ئۆزگەرتىپ قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى ياكى باشقا مەكتەپلەرگە يۆتكىلىپ كىردى.

2007 - يىلدىن 2020-يىلغىچە، خىتاي مەبلەغ سالغان «مېھمان ئوقۇتقۇچىلار پروگراممىسى» 1650 نەپەر خىتاي پۇقراسىنى «كۇڭزى سىنىپلىرى»غا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئامېرىكادىكى 500 دىن ئارتۇق سىنىپتا خىتاي تىلى ۋە مەدەنىيىتىدىن دەرس بەردى، شۇنداقلا سىنىپلاردا خىتاي تارىخىنىڭ پەردازلانغان نۇسخىلىرىنى ھەمدە جۇغراپىيە ۋە سىياسەتنىڭ پارتىيە لىنىيەسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان نۇسخىلىرىنى ئۆگەتتى. كاتىن نەقىل كەلتۈرگەن مائارىپ مىنىستىرلىقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئوقۇتقۇچىلار سىنىپتىكى مۇنازىرىلەرنى كونسايىن كۆپىيىۋاتقان بىر قاتار نازۇك تېمىلاردىن — تەيۋەن، تىبەت، تيەنئەنمېن مەيدانى، خوڭكوڭ، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇلىيە، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى ۋە باشقىلار — يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس تەربىيەلەنگەن. «مەسىلە نېمىلەرنىڭ سۆزلىنىۋاتقانلىقىدا ئەمەس، بەلكى نېمىلەرنىڭ سۆزلەنمەيۋاتقانلىقىدا.» بۇ ئوقۇتۇشنىڭ تۈپ مەقسىتى — خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى «نورماللاشتۇرۇش» ۋە خىتايغا قارىتىلغان ھەرقانداق تەنقىدنى بېسىقتۇرۇشتۇر.

خىتاينى تەنقىد قىلىشنىڭ بەدىلى ئىنتايىن ئېغىر بولۇشى مۇمكىن. كاتىن بېيجىڭنىڭ بارلىق NBA مۇسابىقىلىرىنى دۆلەت تېلېۋىزىيەسىدىن چەكلىگەنلىكى ۋە NBA بىرلەشمىسىنىڭ ماركىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى توختاتقانلىقى سەۋەبلىك، تەخمىنەن 400 مىليون دوللار زىيان تارتقان NBA نىڭ خىتاي ئالدىدا باش ئېگىشكە مەجبۇر بولغانلىقىدەك نومۇسلۇق ھېكايىنى بايان قىلىدۇ. NBA نىڭ خىتاينى رەنجىتىپ قويغان «قىلمىشى» بولسا، بىر كوماندا باشلىقىنىڭ تۋىتېردا خوڭكوڭدىكى دېموكراتىيە نامايىشچىلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى ئىدى. كاتىننىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئامېرىكالىق سودىگەرلەر، ئاكادېمىكلار ۋە داڭلىق شەخسلەرنى «ئۆزىگە رام قىلىۋالغان» بولۇپ، ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىشتە «قورقۇنچ ۋە نەپسانىيەت»تىن پايدىلانماقتا. ئاپتور ئۆزىنىڭ خوڭكوڭ مەسىلىسىدىكى قاراشلىرى سەۋەبىدىن خىتاي تەرىپىدىن «جازالانغانلىقىنى» ئەسكەرتىدۇ ۋە بۇ جازانى ئۆزى ئۈچۈن شەرەپ دەپ بىلىدۇ.

خىتاينى رەنجىتىدۇ دەپ قارالغان تۈرلۈك بايانلارنى بەرگەندىن كېيىن، پۇشايمان قىلىپ كەچۈرۈم سورىغان سودا رەھبەرلىرى، ئاكادېمىكلار، داڭلىق شەخسلەر ۋە تەسىر كۈچىگە ئىگە زاتلارنى — مەسىلەن، دىسنېي شىركىتىنىڭ مىچائېل ئېيسنېر (Michael Eisner) غا ئوخشاشلارنى — بۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. كاتىن ئارتىس جون سېنانىڭ (John Cena) ئەيىبىنى بويىنىغا ئېلىپ كەچۈرۈم سورىشىنى بۇنىڭ بىر جانلىق مىسالى سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ. سېنا «تېز سۈرئەت ۋە غەزەپ 9» (Fast & Furious 9) ناملىق كىنونى تەشۋىق قىلىۋاتقاندا تىبەتنى بىر «دۆلەت» دەپ ئاتاپ قويغان. ئون مىليونلىغان كىنو كۆرۈرمەنلىرىگە ئىگە خىتاي بازىرىدىن ۋە مىليونلىغان كىرىمدىن قۇرۇق قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن سېنا، ئالدىن ئۆگىنىۋالغان خىتاي تىلىدا خۇددى يېلىنغاندەك تەلەپپۇز بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىغان: «مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، ھازىر چوقۇم شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، بۇ ئىنتايىن-ئىنتايىن مۇھىم، مەن خىتاي خەلقىنى

سۆيىمەن ۋە ھۆرمەتلەيمەن. خاتالىقىم ئۈچۈن پەقەت پۇشايمان قىلىمەن. كەچۈرۈڭلار، مەن چىن دىلىمدىن كەچۈرۈم سورايمەن. سىلەر شۇنى چۈشىنىشىڭلار كېرەككى، مەن خىتاينى ۋە خىتاي خەلقىنى سۆيىمەن ھەم ھۆرمەتلەيمەن.»

تەيۋەن مەسىلىسى

«خىتاي ھەققىدە تىلغا ئېلىشقا بولمايدىغان يەتتە نۇقتا» ناملىق بۇ ئەسىرنىڭ ھەربىر بېتىدە كاتىن ئۆز دەۋالىرى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ياراتقان. خارۋارد قانۇن فاكۇلتېتىنى تاماملىغان ئاپتور، دەلىللىرىنى نۇقتىمۇ نۇقتا تىزىپ چىققان بولۇپ، ئۆز قاراشلىرىنىڭ تەنقىدكە ياكى رەددىيەگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئادەتتە قۇرۇق پەرەزلەردىن يىراق تۇرغان. مۇرەككەپ بىر تېمىغا قارىتا قوللىنىلغان بۇ ئوبيېكتىپ ۋە چۈشىنىشلىك ئۇسۇل، «خىتاي غەلىبە قىلىشى مۇمكىن» ناملىق بابقا كەلگەندە، پاكىتلارغا ئاساسلانغان ئالدىن مۆلچەرلەرگە يول بېرىدۇ. بۇ يەردە كاتىن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەيۋەننى قولغا كىرگۈزمەي تۇرۇپ دۇنياۋى ھۆكۈمرانلىق جېڭىدە غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا بېيجىڭنىڭ مەزكۇر ئارالنى كۈچ بىلەن تارتىۋېلىشقا ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تەيۋەن ئۈچۈن بولىدىغان بىر مەيدان ئۇرۇش «دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئىتتىپاقلىرىنىڭ پارچىلىنىشى، يادرو قوراللىرىنىڭ يامرىشى، ئامېرىكانىڭ تەسىر كۈچىنىڭ تۆۋەنلىشى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقتىسادىي چېكىنىش» ۋە «ئامېرىكا قۇياشىنىڭ ئاخىردا پېتىشى» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كاتىن كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان بۇ دەۋالارنى ئۆزىگە خاس ئىخچام ئۇسلۇب بىلەن ماھىرانە تەھلىل قىلىدۇ، لېكىن ئارقىدىنلا «تەيۋەننىڭ خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىشىنىڭ قانداق نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ھېچكىم كەسكىن رەۋىشتە ئالدىن ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ» دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۆزىگە چېكىنىش يولى قالدۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، كاتىننىڭ بۇ يەردە «ئەڭ ئاۋۋال خىتاي تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇش» ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ بىر ئىستراتېگىيە ئىشلان قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئېنىقتۇر. لېكىن، ئاپتور مۇشۇنداق بىر توسۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ھەتتا ئەڭ ئاددىي نېگىزلىك لايىھەسى ھەققىدىمۇ ھېچقانداق ئىشارەت بەرمەيدۇ.

«خىتاي ھەققىدە تىلغا ئېلىشقا بولمايدىغان يەتتە نۇقتا» ناملىق كىتاب سەل ئاجىز بىر نۇقتىدا ئاخىرلىشىدۇ. كىتابنىڭ خاتىمە قىسمىدا ئادەتتىكى ئامېرىكالىقلارنىڭ خىتاينى يېڭىش ئۈچۈن قىلالايدىغان يەتتە ئىشى، جۈملىدىن خىتاي مەھسۇلاتلىرىنى بايقۇت قىلىش، ئامېرىكا ماللىرىنى سېتىۋېلىش ۋە خىتايغا قارشى تۇرالايدىغان كاندىداتلارغا ئاۋاز بېرىش قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ.

كاتىن ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ مەزمۇنلۇق بىر ھەرىكەت چاقىرىقى بىلەن تەمىنلىيەلىگەن بولاتتى، چۈنكى ئۇ باشقا سورۇنلاردا خىتاي تەھدىتىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسىدە بۇنىڭدىن كۆپ ئوچۇق سۆزلىگەن ئىدى. مەسىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ «خىتايىنى يېڭىش: نىشانلىق ھالدا ئالاقىنى ئۈزۈش ۋە ئۆزۈن مۇددەتلىك ئىقتىسادىي ئۈزۈش» ناملىق دوكلاتىدا، خىتاي بىلەن بولغان كۆپىنچە ئىقتىسادىي ئالاقىلەرنى ئۈزۈشنى، خىتاي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالغان پەن-تېخنىكا ۋە ياسىمىچىلىق ساھەلىرىگە قايتىدىن مەبلەغ سېلىشنى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن خىتايغا جازا يۈرگۈزۈشنى ۋە خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋىزا بېرىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئەگەر شۇ دوكلات كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ كىتابقا قوشۇمچە قىلىنغان بولسا، تولىمۇ ئورۇنلۇق بولغان بولار ئىدى.

بۇ — ئاكادېمىيە، سودا، مالىيە، سەنئەت دۇنياسى، ھەتتا ھۆكۈمەت قاتلاملىرىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن خىتاي ھەققىدە ئېيتىلىشى زۆرۈر بولغان ھەقىقەتلەرنى ئېيتىشتىن تارتىنىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئۆتكۈر ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەھلىللەرنى تەمىنلىگەن، پۇختا يېزىلغان مەزكۇر كىتابقا قارىتا ئېيتىلغان ئادەتتىكى بىر تەنقىد، خالاس. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھەقىقەتلەرنى كىشى خالىمايدىغان بىر ھېساب-كىتابنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن ۋە ئازابلىق بىر ئىقرارغا دۇچ كېلىشتىن ئەنسىرەپ، تىلغا ئالماي كەلمەكتە. «خىتاي ھەققىدە تىلغا ئېلىشقا بولمايدىغان يەتتە نۇقتا» ناملىق بۇ ئەسەر، ماھىيەتتە ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قاراتقان ئەللىك يىلدىن ئارتۇق ئىقتىسادىي، ھەربىي، دىپلوماتىك ۋە ئۇچۇر سىياسەتلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ سۈكۈتتىكى بىر ئېتىراپنامىسىدۇر. بىزنىڭ بۇ سۈكۈتنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ئۆزىمىزنى ئېغىر خەتەرگە دۇچار قىلىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://lawliberty.org/book-review/what-should-be-said-about-china/





# كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلىك دېگەن نېمە؟

برىندون ماروتتا

# كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلىك دېگەن نېمە؟

بىرېندون ماروتتا

كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلىك سىزگە يوشۇرۇنچە قارشى ئىش قىلىدۇ.

كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچى — مەلۇم بىر تەرەپتە تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنگەن، ئەمما شۇ ھەرىكەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىت رەۋىشتە يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىدىغان ھەرقانداق شەخس ياكى تەشكىلاتنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ سۆز ئەسلىدە ئاكتىۋىستلار ھەرىكىتىگە سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارغا ئىچىدىن بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھۆكۈمەت پايلاقچىلىرىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنچە ئۆزى دەۋا قىلىۋاتقان تەرەپ ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغان ھەرقانداق شەخس ياكى تەشكىلاتنى كۆرسىتىدىغان بولدى. كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلەر بىۋاستە كونترول قىلىنىشى ياكى قارشى تەرەپ بىلەن ئالاقىدە بولۇشى مۇمكىن، ياكى ئۇلارنىڭ غەرىزى پەقەت ئۆزى دەۋا قىلىۋاتقان مەقسەتتىن باشقا مەنپەئەتلەر بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلىك ئىنتايىن كۈچلۈك بىر ئىستراتېگىيە يۈرگۈزىدۇ. تىپىك سىياسىي توقۇنۇشتا ھەر بىر گۇرۇپپا پەقەت ئۆز تەرىپىدىلا رول ئالالايدۇ. ئەمما كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلىك بىر تەشكىلاتتىكى (ياكى جامائەتتىكى) توقۇنۇشنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە رول ئالالايدۇ. كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلەر يەنە جاسۇسلۇق رولىنى ئويناپ، ئۇچۇرلارنى قارشى تەشكىلاتلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۆزى ئىتتىپاقداش دەپ ئەتراپىغا توپلىغانلارغا يالغان ئۇچۇر تارقىتىدۇ، ھەمدە ئاكتىپلارنىڭ خىزمەتلىرىنى مەنپەئەتسىز قىلىش ئۈچۈن قەستەن ئىچكى نىزا قوزغايدۇ.

كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلەر ئادەتتە ئۆز ھەرىكىتىگە زىيانلىق قارارلارنى چىقىرىدۇ، ھەمدە «ياردەم قىلىش» نىقابى ئاستىدا باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا قايىل قىلىدۇ. كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلەر ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشى، ھەتتا كىچىك تىپتىكى سىمۋوللۇق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار ھەرگىزمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازانمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ مەقستى غەلىبە قىلىش ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنىڭ سىپىدىكى بىرەرسى ھەقىقىي غەلىبە ئېلىپ كېلىدىغان ياكى قارشى تەرەپنى مەغلۇپ قىلىدىغان بىر ئىستراتېگىيەنى قوللىنىشقا باشلىسا، كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلەر شۇ ھامان پەيدا بولۇپ، ئۇ ئىستراتېگىيەگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ ۋە غەلىبىنىڭ قولدىن كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلەرنىڭ بەزى ئاكتىۋىستلارنى (ئاكتىپ شەخسلەرنى) چەتكە قېقىش ياكى ھەرىكەتنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشتەك قوشۇمچە مەقسەتلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئۆزلىرى قوللايدىغاندەك كۆرۈنگەن ھەرىكەتنى قارشى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن رەۋىشتە كونترول قىلىشتۇر. ئەگەر كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلەر بىر ھەرىكەتنىڭ تىزگىنىنى قولغا ئالسا، ئۇلار ھەقىقىي قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولغانلارنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان ۋە مەغلۇبىيەت ئۈچۈن لايىھەلەنگەن تەشكىلاتلارغا ياكى تىرىشچانلىقلارغا قوشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلەرنى پەرقلەندۈرۈش قىيىن. چۈنكى ئۇلار ئەمەلىيەتتە جاسۇسلۇق قىلىدۇ، جاسۇسلار بولسا ئۆز كىملىكىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ، كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلەرنى تونۇشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى — ئاكتىپلارغا ئۇلارنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ باھا بېرىشتۇر. ئەگەر سىز بىر تەشكىلات ياكى ئاكتىۋىستنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزى داۋا قىلىۋاتقان مەيدانغا زىيانلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالسىڭىز، ئۇ سىلىۋاتقان بۇ زىياننىڭ قەستەنلىك بىلەن بولىۋاتقانلىق ئېھتىماللىقىنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ. كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلەر پەقەت ئۆزلىرى قوللايدىغاندەك كۆرۈنگەن ھەرىكەتكە قارشى ھۇجۇم خاراكتېرلىك يازمىلاردا رول ئالغاندا، قارشى تەرەپ تەشكىلاتلىرىنى تەشۋىق قىلغاندا ياكى شۇ ھەرىكەتكە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئويدۇرۇلغان يالغان سۆزلىرى پاش بولۇپ قالغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلىك بىر ھەرىكەت ئۈچۈن ئاشكارە ئۆكتىچىلىكتىن تېخىمۇ خەتەرلىك. ئاشكارە ئۆكتىچىلىك قارشىلىق كۈچىنى ئويغىتىدۇ. ئەمما كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلىك شۇ قارشىلىق كۈچىنى سۇمۇرۇۋېلىش (يوقىتىش) ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. بىر ھەرىكەت كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلەرنىڭ تىزگىنىگە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، شۇ دەۋاننىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى — ھەقىقىي ئۆكتىچىلەرنىڭ ھەرىكەتنى

قايتۇرۇۋېلىشى، كونترول ئاستىدىكى ئۆكتىچىلەرنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىشى ياكى پۈتۈنلەي يېڭى، باشقىچە بىر ھەرىكەت قۇرۇپ چىقىش بولۇپ قالىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.hegemonmedia.com/p/what-is-controlled-opposition



# ياپونىيەنىڭ «تۆمۈر خانىمى» ۋە تۇنجى ئايال باش ۋەزىر سانائى تاكايىچى كىم؟

ئېرىن ھېيىل

# ياپونىيەنىڭ «تۆمۈر خانىمى» ۋە تۇنجى ئايال باش ۋەزىرى سانائىي تاكايىچى كىم؟

ئېرىن ھېيىل

مارگارېتساچېر ئىخلاسمەنى بولغان تاكايىچى بىر ئىجتىمائىي مۇھاپىزىكار بولۇپ، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش ئالدىدا بىر قاتار خىرىسلارغا دۇچ كەلمەكتە. سانائىي تاكايىچى پارلامېنتتىكى رەھبەرلىك سايلىمىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ياپونىيەنىڭ تۇنجى ئايال باش ۋەزىرى بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئۇ غەلىبىدىن كېيىن سەيشەنبە كۈنى ئىمپېراتور ناروھىتو بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ تارىختىكى ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ.

تۆۋەندىكىلەر ياپونىيەنىڭ كېيىنكى رەھبىرى ھەققىدە سىز بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار:

تاكايىچىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى قانداق؟

64 ياشلىق تاكايىچى 1990-يىللاردا، ئۇزۇن مەزگىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە ياپونىيە سىياسىي سەھنىسىگە قەدەم قويغان.

ئۇنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ياپونىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى نارا ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان ۋە كوبې ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملىغان.

ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش شارائىتى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە خارۋارد كېننېدى ئىنستىتۇتىغا ئوخشاش سەرخىللار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەزالىرىغا قارىغاندا، بىر قەدەر ئاددىيراق ئىدى.

تاكايىچى مەرھۇم باش ۋەزىر شىنزو ئابېنىڭ شاگىرتى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇ ئابېنىڭ ئوخشىمىغان مەزگىللەردىكى كابىنېتلىرىدا شۇنداقلا سابىق باش ۋەزىر فۇمىئو كىشىدانىڭ كابىنېتىدىمۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن.

## تاكايىچىنىڭ سىياسىي قاراشلىرى قانداق؟

ئەنگلىيەنىڭ مەرھۇم باش ۋەزىرى مارگارېت ساچېرنىڭ ئىخلاسمەنى بولغان تاكايىچى، مارگارېت ساچېرغا ئوخشاش مۇھاپىزىكارلىق مايىللىقى تۈپەيلىدىن تاراتقۇلاردا ياپونىيەنىڭ «تۆمۈر خانىمى» دەپ ئاتالدى. يېقىنقى رەھبەرلىك سايلىمىدا، تاكايىچى ئۆز ئۇستازىنىڭ «ئابې ئىقتىسادشۇناسلىقى»نى — يەنى مالىيەنى كېڭەيتىش، پۇل سىياستىنى بوشىتىش ۋە قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات ئىستراتېگىيەسىنى — ئەسلىتىدىغان ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى تەشەببۇس قىلدى.

ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە كەلسەك، تاكايىچى ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ نىكاھلىنىشىغا قارشى تۇرىدۇ، كۆچمەنلەرگە قارىتا. تېخىمۇ قاتتىق مەيدان تۇتىدۇ، ھەمدە ئىمپېراتورلۇق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشتا يەنىلا ئەرلەرگە ئالدىن ھوقۇق بېرىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ئۇ يەنە تېخىمۇ كۈچلۈك ھەربىي كۈچنى ۋە تەيۋەن بوغۇزىدىكى ھازىرقى ھالەتنى ساقلاشنى قوللايدىغان «خىتايغا قارشى بۈركۈت» (خىتايغا قارىتا قاتتىق قول سىياسەت تۇتقۇچى) سۈپىتىدە تونۇلغان. تاكايىچى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تەيبېيدىكى سىياسىي پارتىيەلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم تەيۋەننى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەيۋەن زىيارىتى خىتاينى ئىنتايىن بىئارام قىلدى.

تاكايىچىنىڭ باشقا تالاش-تارتىشلىق سەپەرلىرى ئىلگىرى ياپونىيەنىڭ ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلىرىنى ياد ئېتىش ئورنى — ياسۇكۇنى بۇتخانىسىغا قىلغان زىيارەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بۇتخانا ھەم ياپونىيە ئىچىدە، ھەم چەت ئەللەردە تالاش-تارتىشلىق بىر مەسىلە بولۇپ كەلمەكتە. چۈنكى ئۇ يەردە يەنە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىمۇ ياد ئېتىلىدۇ.

## تاكايىچىنىڭ غەلىبىسى ياپونىيە ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، تاكايىچىنىڭ غەلىبىسى ياپونىيەنىڭ تېخىمۇ ئوڭچىللىققا مايىل بولغان مۇھاپىزىكار باشقۇرۇش يولىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شۇنداقتمۇ، ياپونىيە خەلقئارا خرىستىيان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (International Christian University) سىياسەت ۋە خەلقئارا تەتقىقات پروفېسسورى ستېفېن ناگىنىڭ (Stephen Nagy) ئېيتىشىچە، ياپونىيەدىكى مۇھاپىزىكارلىق سىياستى غەربتىكىدىن بىر قەدەر پەرقلىنىدۇ.

تاكايىچى ياپونىيەنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇشنى ۋە كۆچمەنلەرنى چەكلەشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزگەرتمەيدىغان بىر ئىش ياپونىيەنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىستېمىسىدۇر.

ستېفېن ناگى سايلامدىن ئىلگىرى ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيەسىگە: «ياپونىيەدە مۇھاپىزىكارلىق دېگەنلىك بىخەتەرلىك مەسىلىسىدە كەسكىن بولۇش، خىتايغا قارىتا قاتتىق مەيدان تۇتۇش ۋە ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا، بۇ ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمىنى قوغداشنى كۆرسىتىدۇ» دېدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بۇ ئادەتتە يەنە خېلى كۆپ مىقداردىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پروگراممىلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان، [جەمئىيەت ئىشلىرىغا] ئارىلىشىدىغان ھۆكۈمەتنى بىلدۈرىدۇ» دەپ تەكىتلىدى.

ئۇ يەنە: «بىز تاكايىچىنىڭ يېڭى بىر مۇھاپىزىكار ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىگە (LDP) رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقىغا شاھىت بولىمىز — ئەمما بۇ ياپونىيەچە ئېنىقلىما بېرىلگەن مۇھاپىزىكارلىقتۇر» دەپ قوشۇمچە قىلدى.

## تاكايىچىنى نېمىلەر كۈتمەكتە؟

تاكائىچىنىڭ غەلىبىگە بارىدىغان يولى ئوڭۇشلۇق بولمىدى، ئۇ يەنىلا نۇرغۇن ئېنىقسىزلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە. ئۇ بەش يىل ئىچىدە تەختكە چىققان تۆتىنچى ياپونىيە باش مىنىستىرى ھېسابلىنىدۇ، ھەممە بىر قەدەر ئاجىز سىياسىي ئورۇندا تۇرۇپ ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى (LDP) ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيەنىڭ ئاساسلىق ھۆكۈمران سىياسىي كۈچى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ پارتىيە ئۆتكەن ئىككى يىلدا پارلامېنتنىڭ ھەر ئىككى پالاتاسىدىكى كۆپ سانلىقلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدى. تاكائىچى ئۆكتەبىردە ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلىنىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا، سايلام ئىئانە فوندى ۋە چىركىنلىككە قارشى تۈزۈش تەدبىرلىرىدىكى كۆز قاراش جەھەتتىكى ئىختىلاپلار سەۋەبىدىن، پارتىيەنىڭ ئىجتىمائىي مۇھاپىزىكار «كومېيتو پارتىيەسى» بىلەن تۈزگەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىمۇ بۇزۇلدى.

ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى يەنە بىر كونسېرۋاتىپ (مۇھافىزىكار) پارتىيە بولغان «ياپونىيە ئىسلاھات پارتىيەسى» بىلەن يېڭى ئىتتىپاق تۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولۇپ، پارلامېنتتا تاكائىچىنىڭ بۇ ھەپتىلىك غەلىبىسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان يېتەرلىك ئورۇننى قولغا كەلتۈردى.

ئەمما، تاكائىچى باش مىنىستىر سۈپىتىدە ياپونىيەنىڭ تۆرمۈش تەننەرخى كىرىزىسىدىن تارتىپ، ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد تىرامپنىڭ سودا ئۇرۇشى ئېلىپ كەلگەن تەسىرلەرگىچە، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ خىتاي ۋە شىمالىي كورېيەگە قارىتا ئۆزۈن مۇددەتلىك خەۋپسىزلىك ئەندىشىلىرىگىچە بولغان تۈرلۈك خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى يەنە بىر تەرەپتىن، زور بىر چىرىكلىك سەتچىلىكىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئەسلىگە كېلىشكە تىرىشماقتا.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشچە، ئەگەر تاكائىچى ھاكىمىيەت بېشىدا چىڭ تۇرۇشنى خالىسا، ئۆزىنىڭ بەزى كەسكىن ۋە قاتتىق مەيدانلىرىنى يۇمشىتىشى زۆرۈر. ئەكسىچە بولغاندا، يېقىن كەلگۈسىدە پارلامېنتنىڭ ئىشەنچسىزلىك بېلەتىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ . ئالماس تەرجىمىسى

https://www.aljazeera.com/news/2025/10/21/who-is-sanae-takaichi-japans-iron-lady-and-first-female-prime-minister




# ئەزالىق تۈزۈمدىكى سودا ئەندىزىسى

جۇلىيا چانتىرەي

# ئەزالىق تۈزۈمدىكى سودا ئەندىزىسى

جۇلىيا چانتىرەي

ئەزالىق تۈزۈمدىكى سودا ئەندىزىلىرى دەۋرىي كىرىم (تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان كىرىم) سودا ئەندىزىسىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولۇپ، بۇ خىل سودا ئەندىزىسى ھەر خىل شەكىل ۋە كۆلەملەردە مەۋجۇت بولىدۇ.

مەن كىشىلەرگە ھەر ئايدا يېڭى سودا تۈرلىرى توغرىسىدا بىر تالاي ئىدىيەلەرنى سۇنىدىغان «يېڭى سودا ئىدىيەلىرى توپلىمى» دەل بىر ئەزالىق ئەندىزىسىدۇر. كىشىلەر بۇ ئىدىيەلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر ئايدا ھەق تۆلىشى كېرەك.

مېنىڭ بۇ ئىشنى بۇنداق لايىھەلىشىمدىكى سەۋەب، كىشىلەر كېيىنكى سودا تەۋەككۈلچىلىكى ھەققىدە ئويلىنىشقا مەلۇم ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ، شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئىدىيەلەرنى قايتا-قايتا كۆرۈپ چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشىنى خالايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن دائىم يېڭى ئىدىيەلەرنى قوشۇپ تۇرىمەن. شۇ سەۋەبلىك، مەن ئۆزۈم يېزىۋاتقان نادىر يېڭى مەزمۇنلارنى كىشىلەرگە ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

بەدەن چېنىقتۇرۇش زالىنىڭ ئەزالىق سودا ئەندىزىسى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭ

ئەزالىق ئەندىزىسىنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بەدەن چېنىقتۇرۇش زالى ئەزالىقىدۇر. بۇ بەلكىم ئەزالىق ئەندىزىسىگە نىسبەتەن سەلبىي قاراشلارنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بەدەن چېنىقتۇرۇش زاللىرى سىزنى بىر يىللىق ئەزالىققا تىزىملىتىشقا قىستايدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش زالىنى پەقەت بىر-ئىككى ئاي ئىشلىتىپ، ئاندىن يېڭى باشلىغان ساغلاملىق پىلانىدىن ۋاز كېچىشىدىن مەنپەئەتلىنىشنى كۆزلەيدۇ. بىراق، ئىشىنىڭ جەزمەن بۇنداق بولۇشى شەرت ئەمەس. سىزنىڭ كىشىلەرنى ئۆزۈن مەزگىللىك توختام بىلەن باغلاپ قويۇشىڭىزغا ھاجەت يوق.

### ئەزالىق ئەندىزىسىنى ئۆز سودىڭىزغا قانداق تەدبىقلىيالايسىز؟

بەدەن چېنىقتۇرۇش زالى ئەندىزىسى بىر تىپىك مىسال. ئەمما ئۆز سودىڭىزغا ئەزالىق ئامىللىرىنى سىڭدۈرۈشىڭىز باشقا يوللىرى بولۇشى مۇمكىن.

تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان كىرىم ئەندىزىسى ھەققىدىكى بىلوگىمىزدا مەلۇم بولغىنىدەك، ئاپتوموبىل رېمونتچىسى ئاپتوموبىلنى رېمونت قىلىش ۋە ئاسراش مۇلازىمىتىنى ئەزالىق تۈزۈمى سۈپىتىدە يولغا قويۇپ، خېرىدارلاردىن ھەر ئايدا ھەق ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويالىشى مۇمكىن.

ئۆز خېرىدارلار توپىڭىزنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئەرزانراق باھالىق تۈرلەرنى سىنۇڭ.

ئەگەر سىز بىر قەھۋەخانا ئاچقان بولسىڭىز، خېرىدارلارنىڭ ساندۇيچ ياكى سۇشلارغا ئېتىبار باھادا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئەزالىق تۈزۈمىنى يولغا قويسىڭىز بولىدۇ. برايتوندىكى «موشىمو» (Moshimo) رېستورانى دەل مۇشۇنداق قىلىدۇ. ئۇلار مەندىن يىلىغا 18 فوندستېرلىڭ ئەزالىق ھەققى ئالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەن ھەر دۈشەنبە كۈنى تائاملارغا يېرىم باھادا ئېرىشەلەيمەن. ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدىكى، مەن ئۆچرەت ساقلاپ تۇرۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ رېستورانىغا چوقۇم كەچ سائەت ئالتىدە يېتىپ بېرىشىم كېرەك.

سىز كىشىلەرنى دائىملىق يېڭىلانمىلارغا ياكى ھەر ئايلىق تەربىيەلەش ماتېرىياللىرىغا مۇشتەرى قىلىش ئارقىلىق، ئەزالىق لايىھەسىنى بازارلىق پائالىيىتىڭىزنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قوللانسىڭىز بولىدۇ.

بۇ جەزمەن يۇقىرى باھالىق تۈر بولۇشى شەرت ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەرنى جەلپ قىلىش ۋە ئۇلاردا ئۆزىنى شۇ يەرگە تەۋەدەك ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، باھانى تۆۋەنرەك بېكىتىش تېخىمۇ ياخشىدۇر.

كىشىلەرگە مەخسۇس مەزمۇنلارنى سۇنۇش، تور بېكەتتە ئالاھىدە بىر سەھىپە ئاجرىتىش، ھەتتا دائىملىق ئېلېكترونلۇق خەت ئارقىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئالدىن زاكاز قىلىش ئىمتىيازىنى بېرىشتىنمۇ ئۈنۈملۈك ئىش يوقتۇر.

ئەزالىق ئەندىزىسىنىڭ بۇ تۈرى پۇل تېپىشنىلا مەقسەت قىلمايدۇ (گەرچە «موشىمو» رېستورانىنىڭ ئاشۇ 18 فوندستېرلىڭلىق ھەقتىن خۇشال ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەممۇ.) ئەسلىدە، بۇ كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئۇلاردا سادىقلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىش ۋە ئۆزىنى بىر كۇلۇبنىڭ ئەزاسىدەك ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىر خىل بازار ئېچىش تاكتىكىسىدۇر.

## ئەزالىق تۈزۈمى بويىچە سېتىلىدىغان يېڭى بىر مەھسۇلات

ئەزالىق تۈزۈمى — يۇمشاق دېتالنى بىر خىل مۇلازىمەت سۈپىتىدە (SaaS) سېتىشنىڭ يېڭىچە ئۇسۇلىدۇر. سىز بەلكىم Dropbox ياكى Xero بوغالتىرلىق يۇمشاق دېتالىغا ئوخشاش يۇمشاق دېتال مۇلازىمىتى تۈرىدىكى نۇرغۇن قوراللارنى ئىشلىتىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. سىز ھەر ئايدا ھەق تۆلەيسىز ۋە شۇ يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشىسىز. بۇ خىل ئومۇمىيۈزلۈك سودا ئەندىزىسى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى ئۇنى بىر قەدەم يېڭىلايدىغان ۋاقىت كەلدى.

يۇمشاق دېتالنى ھەر ئايلىق ھەق بەدىلىگە مۇلازىمەت سۈپىتىدە سۇنۇشنىڭ ئورنىغا، نېمە ئۈچۈن ئەزالىق مۇشتەرىلىكىنى سۇنمايمىز؟ ئەزالىق تۈزۈمىدە، كىشىلەر ھەر ئايلىق ھەق تۆلەيدۇ، ئەمما ئۇلار پەقەت يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتىش ئۈچۈنلا پۇل تۆلەپ قالماستىن، بەلكى بىر كۇلۇبقا ئەزا بولۇشنىڭ ئەۋزەللىكلىرىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار سىزنىڭ مەھسۇلات تۈرلىرىڭىز ئىچىدىن نېمىنى سېتىۋېلىشنى ياكى قايسى مەزمۇنلاردىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۆزى تاللىيالايدۇ.

بۇ تەخمىنەن مۇنداق بىر شەكىلدە بولىدۇ:

كىشىلەر سىزنىڭ كۇلۇبىڭىزغا قوشۇلىدۇ ۋە پەقەت كۇلۇبنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا تۆۋەن مىقداردا ھەق تۆلەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۈچۈن مەلۇم مەنپەئەتلەر بولۇشى كېرەك. سىز ئۇلارغا بىر قىسىم ئېسىل مەزمۇنلارنى ياكى ئىمتىيازلارنى بېرىشىڭىز لازىم.

ئۇلار كۇلۇبقا كىرگەندىن كېيىن، سىز ئۇلارغا تاللاشقا بولىدىغان بىر يۈرۈش ئوخشىمىغان تۈرلەرنى سۇنىسىز. بۇ تاللاشلار بەلكىم تېخىمۇ ئالاھىدە نېسىپ بولىدىغان «كۈچەيتىلگەن ئەزالىق» تۈرى بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي خادىملار بىلەن پىكىرلىشىش ياكى مەزمۇنلارنى مەخسۇس تاللاپ رەتكە سېلىش (curation) مۇلازىمىتى بولۇشى مۇمكىن، ياكى سىز ئۇلارغا ساتماقچى بولغان باشقا ئوخشىمىغان ئامىللار بولۇشىمۇ مۇمكىن.

شۇنداق بولغاندىلا كۆلۈپ ئەزالىرى ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئېرىشەلەيدۇ. بەلكىم يېڭى مەھسۇلاتىڭىزنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىپ كۆرۈش (beta test) ۋە پىكىر بېرىش پۇرسىتىگە، ياكى يېڭى مەھسۇلات بازارغا سېلىنغاندا 50% ئېتىبار بېرىدىغان ئېتىبار كودلىرىغا ئېرىشىشى مۇمكىن. ئەمما، ئېتىبار بېرىش مەسىلىسىدە ئازراق ئېھتىياتچان بولۇڭ...

ئۇنى ئەزالىق شەكلىدە سېتىش ئارقىلىق، سىز ئۇلارغا ئېلېكترونلۇق خەت ئەۋەتىپ، پات ئاردا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان نادىر مەزمۇنلارنى خەۋەر قىلىش ياكى باشقىلارنىڭ ئوخشىمىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىش جەريانىدىكى ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا يېڭى ئىدىيەلەر ۋە ئىلھاملارنى بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشىسىز.

### ئادوب (Adobe) شىركىتىنىڭ بۇ مەسىلىدە سادىر قىلغان خاتالىقى

مەن يېقىندىن بېرى تور بېكىتىمگە خەت نۇسخىلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن، ئادوب شىركىتىنىڭ Typekit دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھسۇلاتىنى ئىشلىتىشكە باشلىدىم. مەن تور بېكىتىم ۋە ئېلىسل PDF ھۆججەتلىرىمدە بۇ خەت نۇسخىلىرىنى داۋاملىق ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەر يىلى 49 دوللار تۆلەيمەن.

يېقىندا تور بېكەتكە كىرىشكە توغرا كەلگەندە، ئۇ يەردە بىر قىسىم سۈرەت ئامبىرىدىكى سۈرەتلەرنى (stock photos) سېتىۋېلىش ھەققىدە بىر ئالاھىدە تەمىناتنى كۆردۈم.

ئەگەر مەن ئادوبغا مەسلىھەت بەرگەن بولسام، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان بولاتتىم، ئۇلارغا ئەزالىق سودا ئەندىزىسىگە ئۆتۈشنى تەۋسىيە قىلغان بولاتتىم. مەن «نادىر تور بېكەتلەرنى ياساشنىڭ كەسپىي قوراللىرى كۈلۈبى» غا ئەزا بولۇش پۇرسىتىنى ساتقان بولاتتىم. بۇ كۈلۈپ ئىچىدە، خېرىدارلار تور بېكەتلىرى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ماس كېلىدىغان خەت نۇسخىلىرى، PowerPoint قېلىپلىرى، ئابونت جەلپ قىلىش قېلىپلىرى ۋە سۈرەت ئامبىرىدىكى سۈرەتلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن قالتىس نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەتتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا يەنە ئادوبنىڭ ئاساسلىق پايدا مەنبەسى بولغان باشقا ئېلىسل يۇمشاق دېتاللىرىمۇ قوشۇلىدۇ.

ئەگەر سىز ئادوبىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى (CEO) بولسىڭىز، بۇ سودا مەسلىھەتى سىزگە ھەقسىز؛ ئەگەر كىيىنكى قەدەملىك مەسلىھەت يىغىنىغا قاتناشماقچى بولسىڭىز، مۇشۇ بەتتىن مېنىڭ مۇلازىمەت ھەققىم بىلەن تونۇشۇپ چىقسىڭىز بولىدۇ...

## ئەزالىق سودا ئەندىزىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىللىرى

ئەزالىق سودا ئەندىزىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى — ئۇنى مەلۇم بىر جەمئىيەت ياكى گۇرۇپپىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشقا چاقىرىدىغان بىر خىل تەمىنات سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇشتۇر. بۇ بەلكىم مەلۇم بىر كۇلۇبقا كىرىش ھوقۇقىغا، سىزگە ئالدىن مۇلازىمەت قىلىنىش ئىمتىيازى بېرىدىغان بىر پارچە كارتىغا ياكى كۇلۇبقا ئەزا بولمىغان باشقا كىشىلەر ئېرىشەلمەيدىغان بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش بولۇشى مۇمكىن.

مېنىڭچە، بۇ ئىنسانلارنىڭ مەلۇم بىر گۇرۇپپىغا تەۋە بولۇشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاساسىي ئارزۇسىنى قوزغىتىدۇ. ھەممىمىز مۇشۇنداق بىر تەۋەلىككە ئېھتىياجلىق، شۇڭا ئەگەر بازارلىق پائالىيىتىڭىزنىڭ نىشانىنى مۇشۇ نۇقتىغا توغرا رەۋىشتە بۆرىيالىسىڭىز، ئۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

## مەن قانداق ياردەم قىلىمەن؟

مېنىڭ خىزمىتىم پۈتۈنلەي كىچىك تىپتىكى كارخانا ئىگىلىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ كۈچلۈك شىركەتلەرنى قۇرۇپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ پۈتۈنلەي كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشىغا ۋە ئىشتىن تېخىمۇ كۆپ ھۇزۇرلىنىشىغا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۇچقۇن تەرجىمىسى

https://www.thejoyofbusiness.co.uk/how/membership-business-model/



خەلقئارا ۋەزىيەت

# خىتاي - ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كەلگۈسىگە بىر نەزەر

سارا ھاسۇ

# خىتاي ـ ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كەلگۈسىگە بىر نەزەر

سارا ھاسۇ

نۆۋەتتىكى يۈزلىنىش داۋاملىشىۋەرسە، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كەلگۈسى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئەسلىگە كەلگۈسىز توقۇنۇش ھالىتىگە كىرىپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ۋەزىيەتنىڭ يۆنىلىشىنى بۇراش ئۈچۈن پۇرسەت تېخى قولدىن كەتكىنى يوق.

يىل 2028، خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ئاللىبۇرۇن دائىمىي توقۇنۇشقا ئايلىنىپ قېلىپلاشقان. ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما تېخىمۇ قىممەتكە چۈشىدىغان، تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە ئىشەنچسىزلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر ھالەتكە كەلدى. ئامېرىكىدا «301-ماددا» تاموژنا بېجى ۋە ئورۇنلار تىزىملىكى يەنىلا كۈچكە ئىگە؛ خىتايدا بولسا تەڭمۇتەڭ تاموژنا بېجى، ئېكسپورت ئىجازەت تۈزۈملىرى ۋە جازالاش خاراكتېرلىك قايتۇرما جازا تەدبىرلىرى داۋاملاشماقتا. چىقىرىلغان ھەر بىر يېڭى بەلگىلىمە، قارشى تەرەپنىڭ دەل شۇنىڭغا ماس قايتۇرما ئىنكاسىغا سەۋەب بولىدۇ.

سودا ئالاقىسى داۋاملاشسىمۇ، ئەمما تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ تەننەرخى تېخىمۇ يۇقىرى، مال يەتكۈزۈش ۋاقتى ئۆتكەن يىللاردىكىدىن تېخىمۇ ئۇزۇن، شىركەتلەر خەتەر دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى سەۋەبىدىن تېخىمۇ كۆپ زاپاس مال ساقلاشقا مەجبۇر. بىر زامانلاردا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئورتاق ساھەسى بولغان تېخنىكا كەسپى ئۆزئارا رىقابەتلىشىدىغان ئىككى ئايرىم ئېكولوگىيەلىك سىستېمىغا پارچىلاندى. ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ مۇھىم زاپچاسلىرى ياكى بايلىقلىرىدىن ئۈزۈلۈپ قېلىشتەك تۈگىمەس تەھدىتكە دۇچ كەلمەكتە. بېيجىڭ تېخنولوگىيە جەھەتتىكى پەرقنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن زور مىقداردا دۆلەت مەبلىغى ۋە قۇرۇلۇش - تېخنولوگىيە تالانتلىرىنى سەپەرۋەر قىلدى. بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدىغان ئىككى

خىل تېخنولوگىيە سىستېمىسى بارلىققا كەلدى، بۇلۇت ھېسابلاش ۋە سۈنئىي ئىدراك قوراللىرى بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. دۇنيادىكى چوڭ شىركەتلەر ئامېرىكا ۋە خىتاينىڭ ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلىدىغان قوش يۆنىلىشلىك تۈزۈمنى ساقلاپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

ھەربىي ۋە تور مۇداپىئەسى ئادەتتە توسۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەمما دېڭىز ياكى ھاۋا تەۋەلىكىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان تاسادىپىي ۋەقەلەر توقۇنۇشنى تېز سۈرەتتە كەسكىنلەشتۈرۈپ، دائىم خەۋپ تۇغدۇرىدۇ. ھەر ئىككى دۆلەت يادرو قورال ئامبارلىرىنى كېڭەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇداپىئە سانائىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرماقتا. خىتاي چەتئەللەردىكى خەۋپسىزلىك ئىشلىرىغا سىڭىپ كىرىشنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋاتقان بولسا، ئامېرىكا - ھىندى - تىنچ ئوكيان رايونىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى ۋە چارلاش پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە. ھەر ئىككى تەرەپ توقۇنۇش جىددىيلەشكەن ئەھۋالدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئاجىز نۇقتىلارنى ئىزدىگەچكە، تور جاسۇسلۇقى ۋە «كۈلرەڭ رايون» تاكتىكىسى كۈندىلىك پائالىيەتلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

2028 - يىلىدىكى دۇنيا بۇ ئىككى چوڭ قۇدرەتلىك دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغان دۇنيا ئەمەس، ئەمما ئۆزئارا خاتا چۈشىنىشلەر بىۋاستە قارشىلىشىش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى. سىياسىي رەھبەرلەر ۋە ئىككى دۆلەت ئاممىسى ئارىسىدىكى پاسسىپ قاراشلار تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەنلىكتىن، ئۆتمۈشتىكى ھەمكارلىقلار خۇددى غۇۋا بىر ئەسلىمىدەك تۇيغۇ بەرمەكتە. ھازىر ھېچقايسى تەرەپ بىر-بىرىنى دوست دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ھەم يوشۇرۇن، ھەم ئوچۇق - ئاشكارا دۈشمەن دەپ بىلىدۇ.

2028-يىلىدىكى دۇنيا مەيلى سۆز ياكى ھەرىكەت جەھەتتە بولسۇن، پەقەت بۈگۈنكى رىقابەتنىڭ داۋامىدىنلا ئىبارەتتۇر. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ماركو رۇبىئو كېڭەش پالاتاسىنىڭ تەستىقلاش ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا، خىتاينى «بۇ دۆلەت تارىختىن بويان دۇچ كەلگەن ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ خەتەرلىك رەقىب» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن ئامېرىكىنىڭ قىلمىشلىرىنى قايتا-قايتا «زومىگەرلىك، مۇستەبىتلىك ۋە زوراۋانلىق» دەپ ئەيىبلىدى.

ئامېرىكىنىڭ خىتاي شىركەتلىرىگە قاراتقان «301-ماددا» تاموژنا بېجى ۋە ئورگانلار تىزىملىكى، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئامېرىكا شىركەتلىرىگە نىسبەتەن قوللانغان تەڭداش قايتۇرما تەدبىرلىرى گەرچە يېڭى تەھدىتلەرنى پەسەيتىش ئۈچۈن بەزى ئۆزۈنۈشلار ھېسابلانمىسىمۇ، يىراق يەنىلا كەلگۈسىدىكى دۈشمەنلىشىشنىڭ ئاساسى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. تېخنولوگىيە رىقابىتى، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىقتىسادىي ئەندىزىلەر ۋە خەۋپسىزلىك ئەندىشىلىرىگە ئوخشاش تۈپ مەسىلىلەردىكى ھەمكارلىق يەنىلا ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس.

مەرھۇم جوسېف ناي (Joseph Nye) ۋە سۇسان شىرك (Susan Shirk) قاتارلىق ئالىملار ۋاشىنگتوننى دىپلوماتىيەگە تېخىمۇ ئەستايىدىل كىرىشىشكە ۋە خىتاي سىياسىتىدىكى «تەقدىرگە تەن بېرىش» يۈزلىنىشىگە قارشى تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. گەرچە ھازىرقى كەسكىن سىياسىي مۇھىتتا ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى كەڭ كۆلەملىك ئېتراپقا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما نۆۋەتتىكى ھۆكۈمەت سىياسەتلىرىگە ۋە ئاممىنىڭ پوزىتسىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان قارشىلىشىش خاراكتېرلىك بايانلاردىن ساقلىنىشقا ھەقىقىي ئېھتىياج بار. قارشى تەرەپنى خۇددى مەۋجۇتلۇققا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان «رىقابەتچى»، «رەقىب»، ھەتتا «دۈشمەن» دەپ تەسۋىرلىگەندىن كۆرە، ئامېرىكا ۋە خىتاي ھەر ئىككىلىسى كونكرېت مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق توقۇنۇش دائىرىسىنى تارايتىشقا تىرىشىشى كېرەك.

نۆرغۇن تەھلىلچىلەر مەجبۇرلاش ۋاستىلىرىنى چەكلەپ، ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتمەكتە. مەسىلەن، تېخنىكا چەكلىمىلىرىنىڭ ئېنىق بېكىتىلگەن خەتەر چېكى بولۇشى، جازالاش سەۋەبلىرى ئاشكارىلىنىشى ۋە چەكلىمىلەر قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇلۇشى كېرەك. نۆۋەتتە توقۇنۇشلار ياخشى باشقۇرۇلمايۋاتىدۇ ۋە ئاسانلا كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال چوقۇم ئۆزگىرىشى، سىياسەتكە رىئايە قىلىش ئۈچۈن ئېنىق بولغان يۆنىلىش ئۆزگەرتىش يوللىرى يارىتىلىشى لازىم.

ھەمكارلىقنى قانۇنسىز مالىيە پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە كېسەللىك قوزغاتقۇچلارنى كۆزىتىش قاتارلىق بىر قانچە مەسىلىلەردە كېڭەيتىشكە بولىدۇ. كىرىزىس يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، ھاۋا ۋە دېڭىزدىكى كۆڭۈلسىز ۋەقەلەردىن ساقلىنىش مانېۋىرلىرىنى ئېلىپ بېرىش — بىخەتەر

بولمىغان ۋەقەلەرنى ئازايتىشنى نىشان قىلغان ھالدا — ئەمەلىيەتتە سىناپ بېقىلىشى كېرەك. يېمەكلىك ياكى دورا-دەرمەك تاموژنا بېجى ياكى سودا چەكلىمىلىرىگە قارىتا ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش بىلەن بىرگە، ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش تەدبىرلىرىمۇ تەمىنلىنىشى لازىم.

مەجبۇرلاش ۋاستىلىرىنىڭ دائىرىسىنى كىچىكلىتىش ۋە ھەمكارلىقنى ياخشىلاش ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ كەلگۈسى بىر قانچە يىل ئىچىدە بىۋاسىتە قارشىلىشىش گىرۋىكىگە بېرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. كەسكىن سۆز-چۆچەكلەر، جازالاش تەدبىرلىرى، قايتۇرما زەربە بېرىش، ئاممۇۋى پىكىرنىڭ ناچارلىشىشى ۋە تاللاشلارنىڭ تارىيىشىدىن ئىبارەت بۇ «تۆۋەنگە قاراپ پىرقىراپ چۈشۈش» يۈزلىنىشى چوقۇم توختىتىلىشى شەرت. بولۇپمۇ بۇ خىل ھالەتنىڭ تۈپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ تېخىمۇ زۆرۈر. ئۇ پەقەت ئۆزئارا ئىشەنمەسلىكنىلا تۈزۈملەشتۈرۈپ قويىدى.

يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىش بىلەن رىئايە قىلىشنى ئۆلچەشتە ئىزچىللىقنى ساقلاش، ئىجابىي ھەرىكەتلەرنى مۇكاپاتلايدىغان يۆنىلىش ئۆزگەرتىش يوللىرىنى يارىتىش ۋە مەنپەئەتلەر بىردەك بولغان ساھەلەردە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئورتاق خىزمەتلەرگە كىرىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ خىل قەدەملەر ئىككى قۇدرەتلىك دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى يوقىتالمايدۇ، ئەمما ئۇلار قارشىلىشىش ئېھتىماللىقىنى «مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان تەقدىر»دىن «باشقۇرۇشقا بولىدىغان بىر خىل خەتەر»گە ئايلاندۇرالايدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://thediplomat.com/2025/11/a-glimpse-of-the-future-of-china-us-relations/

كۆڭۈل ۋە تەن

# ئىلھام ۋە ئىنتىزامدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش

گييب سكورج



# ئىلھام ۋە ئىنتىزامدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش

گېيىب سكورج

نىشانغا يەتمەكچى بولغان كىشى بارلىق ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

بۇ دېگەنلىك ئىنسانلار مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ساغلام بولمىغان ئۇسۇللارنى قوللانسا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ماقالىنىڭ ماۋزۇسىدا دېيىلگىنىدەك، مەسىلە ئىلھام بىلەن ئىنتىزامنىڭ پەرقىدە. ئىلھام بىلەن ئىنتىزام ھەمىشە بىر-بىرىنى چەتكە قاقمايدىغانلىقى بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى چۈشىنىشتە. شۇڭا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن بۇ ئىككىسىدىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

سىر شۇكى، مۇبادا بۇ ئىككىسىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنى بىلسىڭىز، خالىغان مەقسىدىڭىزگە يېتەلەيسىز.

ئىلھام ۋە ئىنتىزام دېگەن نېمە؟ نېمىشقا ئۇلارنى مۇھىم دەيمىز؟

ئىلھام ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان يېقىلغۇ دەپ تەسۋىرلەشكە بولىدۇ. ئۇ مەيلى شەخسىي ياكى كەسپىي ھاياتىڭىزدا بولسۇن، سىزنى ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئۈچقۇن. ئۇ بەزىدە ئىچىڭىزدىن چىقسا، بەزىدە تاشقى سەۋەپتىن پەيدا بولىدۇ.

ئىچكى ئىلھام: بۇ شەخسىي مەمنۇنىيەت، مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى ياكى ھەقىقىي ياقتۇرىدىغان ئىشنى قىلىشتىن ئېرىشكەن خۇشاللىق قاتارلىق ئىچكى ئامىللاردىن پەيدا بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى كۆرسىتىدۇ.

تاشقى ئىلھام: بۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەقدىرلىنىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈشلەرنى، يەنى مائاشنىڭ ئۆسۈشى، ئېتىراپ قىلىنىش، ماختىلىش، قولغا كەلتۈرۈلگەن ياخشى نەتىجىلەر قاتارلىق تاشقىي ئامىللاردىن پەيدا بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىلھام: بۇ بىرەر توپلۇمغا قوشۇلۇش ياكى ئىتراپ قىلىنىش ئىستىكى تەرىپىدىن قوزغىتىلىدۇ. يەنى، قېرىنداشلارنىڭ بېسىمى، ئائىلە قىممەت قارىشى، ھەتتا مەدەنىيەت قېلىپلىرى قاتارلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللاردىن پەيدا بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى كۆرسىتىدۇ.

مۇبادا ئىلھامغا كەسپىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن نەزەر سالىدىغان بولساق، تۆۋەندىكىدەك يەنە بىر قانچە مىساللارنى كۆرەلەيمىز.

خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىق. نۇرغۇن كەسپىي خادىملار شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەچكە خىزمەتكە نىسبەتەن ناھايىتى قىزغىن بولىدۇ، بۇ قىزغىنلىق ئۇلارنىڭ پەقەت ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىلا ئەمەس، بەلكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرىدۇ.

ئىقتىسادىي نىشانلىرى. ئېنىقكى، ئىقتىسادىي كىرىمنى كۆپەيتىش ئىستىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولالايدۇ. بۇنداق بولغاندا ئىقتىسادىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئائىلىسىنى قامدىغىلى ۋە راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشكە شارائىت ھازىرلىغىنى بولىدۇ.

كەسپىي تەرەققىيات. كەسپىي تەرەققىياتقا بولغان ئىنتىلىش ۋە ئارزۇ ئىنسانىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزدىنىشكە ياكى قوشۇمچە سالاھىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىششقا ئىلھاملاندۇرالايدۇ.

ئېتراپ قىلىنىش ۋە خىزمەت كاپالىتى. ئېتراپ قىلىنىشقا ۋە خىزمەت كاپالىتىگە ئېرىشكەنلەر ئۆز رولىنى ياخشى ئادا قىلالايدۇ.

ئىنتىزام دېگەنلىك ئادەملەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، خۇلقى ۋە خاھىشلىرىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى بولۇپ، بۇ ئىقتىدارلار مەلۇم نىشانغا يېتىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قائىدە-پرىنسىپلارنى ئورنىتىش، قىيىنچىلىق ياكى دىققەت چېچىلىدىغان ئىشلارغا دۇچ كەلگەندىمۇ بۇ پرىنسىپلارغا قەتئىي ئەمەل قىلىش لازىم.

### ئىنتىزامنىڭ بەزى مۇھىم ئېلېمېنتلىرى

ئۆزىنى تەربىيىلەش. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ۋە خۇلق - مىجەزىنى تاشقى بېسىمسىز كونترول قىلىش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئېنىق نىشانلارنى بېكىتىش، پىلان تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىزچىل ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ۋاقىت باشقۇرۇش. ئىنتىزام كۆپىنچە ۋاقىتنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، كېچىكتۈرۈشتىن ساقلىنىش ۋە نىشانغا يېتىش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت تەقسىماتىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كەسپىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشتا ئىنتىزام ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنىڭ قوللىنىلىشى مۇنداق:

ئىزچىللىق. ئىنتىزام مۇقىم خىزمەت ئەخلاقىنى ساقلاشقا ياردەم بېرەلەيدۇ. يەنى خىزمەتكە ۋاقتىدا كېلىش، مۆھلەتكە ئەمەل قىلىش ۋە ئىزچىل ھالدا ئەڭ ياخشى ھالەتتە تىرىشىش.

ماھارەت يېتىلدۈرۈش. كەسپتە ئىلگىرىلەشنى خالايدىغانلار شۇ جەھەتتىكى ماھارەت ۋە بىلىمنى چوڭقۇر ئىگىلىشى كېرەك. ئىنتىزامغا بويسۇنغاندا ئۆگىنىش ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن يېتەرلىك رەۋىشتە ۋاقىت ئاجرىتىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

كەسپىيلىشىش. كۈچلۈك خىزمەت ئەخلاقىنى ساقلاش، شىركەت سىياسەتلىرىگە ھەمىشە ئەمەل قىلىش ۋە دۇچ كەلگەن ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارنى سالماقلىق بىلەن ھەل قىلىش دائىم ئىنتىزامچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

## ئىلھام بىلەن ئىنتىزامنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى

ئىلھام بىلەن ئىنتىزامنى ئۆز-ئارا چەتكە قېقىش ئۇقۇمى دەپ قاراشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ئېتىراپ قىلىش تېخىمۇ توغرا.

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەكچى ۋە ئۆزىنى يېتىلدۈرمەكچى بولغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىلھام بىلەن ئىنتىزامنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئىلھام نىشانغا يېتىش ئۈچۈن دەسلەپكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە قىزغىنلىق ئاتا قىلىدۇ. ئەمما ئىنتىزام كىشىلەردىكى ئىلھام تۆۋەنلەپ كەتكەن مەزگىللەردىمۇ توغرا يولدا مېڭىش ۋە ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەشكە كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

بۇ ئىككىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم دېيىشىمىزدىكى سەۋەبلىرىدىن بىرى شۇكى، پەقەت ئىلھامغىلا تايىنىش مۇقىمسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، شۇنداقلا قىيىنچىلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە دۇچ

كەلگەندە ئۇلاردىن غالىپ كېلىشكە يېتەرلىك ياردەم بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. يەنە بىر سەۋەب بولسا، ئىنتىزام — قورۇلما، ۋاقىت باشقۇرۇش جەھەتلەردە قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا ئۇچرىغاندىمۇ چىدامىلىق بولۇشنى روياپقا چىقىرىپ، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

ئىلھام بىلەن ئىنتىزامنى ھەقىقىي تەڭپۇڭلاشتۇرالىغاندا نىشانغا ئاسانغا يەتكىلى بولىدۇ. شۇنداقلا روھىي ساغلاملىقتا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى تېپىش كەسپىي ھاياتىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنىڭ ئاچقۇچى بولالايدۇ.

## ئىلھامنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە كەمچىلىكى

ئىلھامنىڭ ھەممىشە ياخشى نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلگىنىڭىزدە ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇشتا ھەم ئەۋزەللىككە ھەم كەمچىلىككە ئىگە.

### ئىلھامنىڭ ئەۋزەللىكلىرى

ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە ئىلھام كۈچلۈك بولسا، خىزمەت ئۈنۈمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ۋەزىپىلەر ۋاقتىدا، شۇنداقلا تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن تاماملىنىدۇ.

ئىجابىي تەپەككۇرنى كۈچەيتىشتە ئىلھام كۈچەيسە ئومۇمىي تەپەككۇر ئىقتىدارىمۇ كۈچىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىجابىي، ئۈمىدۋار، ھەمدە «قىلالايمەن» دېيدىغان پوزىتسىيەنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردىمى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئىلھام بېغىشلايدۇ.

ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشتە. ئىلھام ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە كىشىلەرنى راھەت بەلۋېغىدىن چىقىپ، يېڭى ماھارەت ۋە بىلىملەرنى ئىگىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

### پەقەت ئىلھامغىلا تايىنىپ قېلىشنىڭ كەمچىلىكلىرى

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ئىلھامنىڭ ھەممىسى ھەممىشە ياخشى بولۇۋەرمەيدۇ، بولۇپمۇ يالغۇز ئۇنىڭغىلا تايىنىپ قالغاندا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ مەسىللىرى تۆۋەندىكىچە:

تۇراقسىزلىق. ئىلھام ئىنسانلارنىڭ روھى كەيپىياتىغا ھەمدە بەزى تاشقى ئامىللارغا باغلىق بولغاچقا، ئەگەر ئىلھام كەلمىگەندە نىشانغا يېتىشنى ياكى ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

مەسىلەن، ئىلھام دائىم ئېتىراپ قىلىنىش ياكى تەقدىرلىنىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، بۇنداق تاشقى ئامىللارنىڭ قىزىقتۇرۇشى كەمچىل، ۋەياكى مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولسا، ئىلھامىمۇ كەمچىل بولىدۇ، ياكى يوقايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر نىشانغا يېتىش ئانچە مۇھىم بولماي قالغاندا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قىزغىنلىقمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، شۇنداقلا يېتەرلىك ئىلگىرلىيەلمەسلىكمۇ ئىلھامنى توسۇپ قويۇشى مۇمكىن.

مۇقىمسىزلىق. كۆپىنچە ھاللاردا يېڭى بىر تۈر دەسلەپ باشلانغاندا ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىزغىنلىق تولۇپ تاشقان بولىدۇ. ئاندىن ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغاندا، يەنى نىشانغا يېقىنلاشقانسىرى قىزغىنلىقمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. ئەمما تۈرنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىغا كەلگەندە، ھەمدە قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا ئۇچرىغاندا، خۇددى «تاڭ ئاتماس كېچە» بولۇۋاتقاندەك، بىر ئىزىدا توختاپ ئىلگىرلىيەلمەي قالىدۇ. بۇنداق مۇقىمسىزلىقتا ئىلھام ئاجىزلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ باسقۇچتا ئاسانلا چارچاش ۋە بېسىم ھېس قىلغاندا، ئىلھامنىڭ تېخىمۇ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دەل شۇ چاغدا خۇددى تۈر ئاخىرلاشماي دېگەن چاغدىكىدەك قىزغىنلىق بولمىسا، ئىلھامنى قايتا جانلاندۇرماق تەسكە توختايدۇ.

## ئىنتىزامنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە كەمچىلىكى

ئىنتىزامنىڭ ئىنسانلارنىڭ شەخسىي ۋە كەسپىي ھاياتىدا بىر قاتار ئەۋزەللىكلىرى بارلىقىدا شەك يوق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خۇددى ئىلھامغا ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ كەمچىلىكلىرى بار.

### ئىنتىزامنىڭ ئەۋزەللىكلىرى

ئۆزىنى كونترول قىلىشتا. ئىنتىزام ئۆزىنى كونترول قىلىش ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك پايدىلارنى قوغلىشىش ئۈچۈن ئاسانلا قانائەتلىنىشكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ ئاقىلانىلىك بىلەن تاللىشىغا، ئۆزىنى باسالماي سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ساقلىنىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

جاۋابكارلىق. ئىنتىزام كىشىلەرنى تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچان قىلىۋېتىدۇ. ئىنسان ئۆزىگە نىشان ۋە تەلەپلەرنى بېكىتكەن چاغدا، ھەرىكەتلىرى ۋە قارارلىرى ئۈچۈن جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ جەريان ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشكە ياردەم بېرەلەيدۇ.

دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇش. ئىنتىزام كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى باشقا ئىشقا چاچماي، كۆز ئالدىدىكى ۋەزىپىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرەلەيدۇ. پۈتۈن ئەس - يادىنى يەتمەكچى بولغان نىشانىغا قارىتىش ئارقىلىق ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە، ھەمدە تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشكە ياردەم بېرەلەيدۇ.

## زىيادە ئىنتىزامچانلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان كەمچىلىكلەر

سىز بەلكىم «ھەممە ئىشنىڭ نورمىدىن ئاشقىنى زىيانلىق» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇ ئىنتىزامغىمۇ ماس كېلىدۇ. ھەددىدىن زىيادە ئىنتىزامچانلىق ياكى قاتتىقلىقنىڭمۇ بەزى كەمچىلىكلىرى بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بېسىم ۋە چارچاش. ئەگەر سىز نىشانغا يېتىشنىلا قوغلىشىپ، ئارام ئېلىش ۋە دەم ئېلىشقا كۆڭۈل بۆلمىسىڭىز، بۇ سوزۇلما خاراكتېرلىق بېسىم ۋە چارچاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىنتىزامغا بەك قاتتىق ئەمەل قىلىمەن دەپ ھەددىدىن زىيادە جاپالىق ئىشلىسىڭىز، بۇ روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىڭىزغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ماسلىشىشچانلىقنىڭ كەمچىل بولۇشى. ھەددىدىن زىيادە ئىنتىزامچانلىق سىزنى قاتمال ۋە ئۆزگىرىشكە قارشى قىلىپ قويىدۇ. قاتتىق تەرتىپ ياكى پىلانغا ئەمەل قىلىش سەۋەبىدىن كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارغا ياكى پۇرسەتلەرگە ماسلىشىشتا قىيىنىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

ئىجادچانلىقنىڭ تۆۋەنلىشى. ھەددىدىن زىيادە ئىنتىزامچانلىق ئىجادچانلىقتا ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشى مۇمكىن. ئىجادچانلىق كۆپىنچە بەھۇزۇر ۋە ئوچۇق پىكىرلىك كىشىلەردە يۈز بېرىدۇ.

## ئىلھام بىلەن ئىنتىزامنىڭ بىرلىششى

بۇ ئىلھام ياكى ئىنتىزامنىڭ بىرىنى تاللاش مەسىلىسى ئەمەس. مەسىلىنىڭ تۈگىنى ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈش. بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرەلىسىڭىز، نىشانغا يېتىش ۋە ھەر خىل ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىقتىدارىڭىزنى زور دەرىجىدە ئاشۇرالايدىغان كۈچلۈك بىرىكمىگە ئېرىشەلەيسىز. ئەگەر بۇ ئىككىسىنى مۇۋاپىق تەڭپۇڭلاشتۇرالىسىڭىز، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك تەرەپلىرى بىر-بىرىنى ئۈنۈملۈك تولۇقلىيالايدۇ.

## ئىلھام بىلەن ئىنتىزامنىڭ ئۆزئارا بىر- بىرىنى تولۇقلىشى

ئىلھام يۆنىلىشنى بەلگىلەيدۇ. ئىلھام بىرەر ۋەزىپە ياكى نىشاننى باشلىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدىغان دەسلەپكى ئۇچقۇننى تەمىنلەيدۇ. ئۇ ئاساسەن نىشان باشلىغۇچى ۋە بەلگىلىگۈچى رولىنى ئوينايدۇ.

ئىنتىزام قۇرۇلما بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىلھام سىزنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىنتىزام سىزدىكى ئىلھام تۆۋەنلەشكە باشلىغان تەقدىردىمۇ، نىشانىڭىزغا قاراپ ئىزچىل ئىلگىرىلىشىڭىزگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ۋاقتىڭىزنى نىشانىڭىزغا ماس كېلىدىغان ئۇسۇللار بىلەن ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

ئىلھام سىزنى رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئىلھام غەيرىتىڭىزنى ۋە ئاكتىپلىقىڭىزنى قوزغىتالايدۇ، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندىمۇ كۈچىڭىز ۋە ئىرادىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ.

ئىنتىزام ئىجرا قىلىشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. مۇبادا ئىلھامىڭىز مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى تۆۋەنلەپ كەتسە، ئىنتىزام نىشانىڭىزدىن ئاداشماسلىقىڭىزغا، پىلانىڭىز بويىچە ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەمدە زۆرۈر بولغان قۇرۇلما ۋە چىدامچانلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىلھام ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ سىزنى تېخىمۇ يۇقىرى نىشانلارنى بېكىتىشكە ئۈندەيدۇ ۋە ئىلھاملاندۇرىدۇ، يېڭى خىرىسلارنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۈزلۈكسىز ياخشىلاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ئىنتىزام تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ: ئىنتىزام ۋە ئۆزىنى كونترول قىلىش تەڭپۇڭ قارار چىقىرىشىڭىزغا ۋە ھاياجانلىق تاللاشلاردىن ساقلىنىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرىشىڭىزنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ھەددىدىن زىيادە چارچاشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## توغرا تەڭپۇڭلۇقنى تېپىشتىكى تەۋسىيەلەر

ئەگەر نىشانىڭىزغا يېتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە ساغلاملىقىڭىزنى ساقلاپ قېلىشنى خالىسىڭىز، ئىلھام بىلەن ئىنتىزام ئوتتۇرىسىدىكى توغرا تەڭپۇڭلۇقنى تېپىشىڭىز مۇھىم. بۇ تەڭپۇڭلۇق ھەممەيلەنگە خاس بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بەزى سىناق ۋە تەڭشەشلەرنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن.

## ئىلھامنى كۈچەيتىش ئىستراتېگىيىلىرى

مۇبادا ئىلھامىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولسىڭىز تۆۋەندىكى بىر قانچە تەكلىپكە قۇلاق سېلىڭ.

سەۋەبىنى بىلىڭ. نىشانىڭىزغا يېتىشنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇھىملىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇڭ. ئەگەر نىشانىڭىزنى قىممەت قارىشىڭىز ۋە قىزىقىشىڭىز بىلەن باغلىيالىسىڭىز، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىڭىزنى ئاشۇرالايسىز.

كۆزىتىش تاختىسى ياساڭ. ئارزۇيىڭىزنى ئىپادىلەيدىغان رەسىملەر ۋە سۆزلەر بار كۆزىتىش تاختىسى ياساش ئارقىلىق نىشانلىرىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئورۇنغا قويۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز نېمىگە قاراپ تىرىشۋاتقانلىقىڭىزنى دائىم ئېسىڭىزدە ساقلىيالايسىز.

ئىجابىي جەزملەشتۈرگۈچى سۆزلەرنى ئىشلىتىڭ. ئۆزىڭىزگە نىسبەتەن سەلبىي سۆزلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا ئىجابىي ۋە جەزملەشتۈرۈشكۈچى سۆزلەرنى ئىشلىتىڭ. ئۆزىڭىزنىڭ قابىلىيىتىڭىزنى ۋە هازىرغىچە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىڭىزنى ئۆزىڭىزگە قايتا-قايتا ئەسكەرتىپ تۇرۇڭ.

مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ: كۆندە بىر نەچچە مىنۇت ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بارلىق نىشانلىرىڭىزنىڭ ئەمەلگە ئاشقان كۆرۈنۈشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. بۇ خىل تەسەۋۋۇر ئىلهامىڭىزنى ۋە ئىشەنچىڭىزنى ئاشۇرالايدۇ.

نەتىجىلىرىڭىزنى تەبرىكلەڭ. قازانغان نەتىجىلىرىڭىز مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن تەبرىكلەڭ. مۇكاپاتلىنىش، ئېتىراپ قىلىنىش ۋە ئۆز- ئۆزىڭىزنى ماختاش ئىلهامىڭىزنى كۈچەيتەلەيدۇ.

## ئىنتىزامنى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇللىرى

مۇبادا سىزدە ئىلهام كۆپ، ئىنتىزام كەمچىل بولسا، ئەنسىرىمەڭ. ياخشى خەۋەر شۇكى، هازىرمۇ كېچىكمىدىڭىز.

ئىنتىزامنى يېتىلدۈرۈش ۋە كۈچەيتىشنىڭ بىر قانچە ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

كۈندىلىك ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈڭ. نىشانلىرىڭىزغا ئاساسەن كۈندىلىك ياكى هەپتىلىك ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈڭ. بۇ كۈندىلىك ئىش تەرتىپىڭىزدە ئىزچىللىقنى شەكىللەندۈرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىنتىزامچانلىقنى يېتىلدۈرۈشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ئۆزىڭىزنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. دىققەتنى چاچىدىغان نەرسىلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى، رازىمەنلىكنى كېچىكتۈرۈشنى، هەمدە هاياجان بىلەن قارار چىقارماسلىقنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

مۆھلەت بېكىتىڭ. ھەر بىر ۋەزىپە ياكى تۈرلەر ئۈچۈن ئېنىق مۆھلەت بەلگىلەڭ. بۇ خىل تەخىرسىزلىك تۈيغۇسى قوزغۇلما ۋە جاۋابكارلىقنى تەمىنلەش ئارقىلىق ئىنتىزامنى كۈچەيتىدۇ.

**خۇلاسە**

ئىلھام بىلەن ئىنتىزامنى سېلىشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، بۇ ئىككىسىنى قانداق تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. ئېنىسكىرزە بولسۇنكى، ئىلھام دەسلەپكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ۋە قىزغىنلىقنى پەيدا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. ئىنتىزام بولسا قوزغۇلما ۋە قەتئىيلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھەمدە ئىلھام ئۆزگىرىپ تۇرغان ئەھۋالدىمۇ مۇقىم ئىلگىرىلەشنى ساقلاپ قالالايدۇ.

ئىلھام سىزنى ئەھمىيەتلىك نىشانلارنى بېكىتىشىڭىزگە، ھەمدە ئارزۇ قىلغان نەتىجىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىنتىزام بۇ نىشانلارنى باشقۇرغىلى بولىدىغان قەدەم باسقۇچلارغا بۆلۈپ، مەركەزلىك ھالدا ۋە ئۈزلۈكسىز ھالدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ئىلھام ۋە ئىنتىزامنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر مەھەل ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. ئۇ ئىككىسىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۇسلۇبىغا ماس كېلىدىغان ھالدا تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ.

قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە ئۇلاردىن ساۋاق ئېلىڭ. نەتىجىلىرىڭىزنى تەبرىكلەڭ. ئۆزىڭىزنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلىڭ. بۇ مۇھىم نۇقتىلارنى ئىگىلىگەندە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىلھامىڭىز ۋە ئىنتىزامىڭىز كۈچىيىدۇ. قانچە كۆپ مەشىق قىلسىڭىز، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى شۇنچە ياخشى جارىي قىلدۇرالايسىز. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ سىزنىڭ نىشانىڭىزغا يېتىشىڭىزگە ياردەم بېرىپلا قالماستىن يەنە جىسمانىي ۋە روھى ساغلاملىقىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://blog.jostle.me/blog/motivation-vs-discipline

# دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياپونىيەنى خىتايدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسىدە ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى



## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ياپونىيەنى خىتايدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسىدە ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى

ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى سايلام ئىستراتېگىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى كېيجى فۇرۇيا (Keiji Furuya) 11-نويابىر كۈنى پارلامېنت بىناسىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن بىلەن كۆرۈشتى.

كۆرۈشۈشتىن كېيىن فۇرۇيا خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىدىن كېلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئەمەلىيەتتە چەكلەيدىغان ئامېرىكا قانۇنىنى ئۈلگە قىلغان ھالدا، ياپونىيە نۇسخىسىدىكى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نى ئوتتۇرىغا قويۇش پىلانىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان پارتىيەلەر ئارا «ياپونىيە پارلامېنت ئەزالىرى ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى» ئىچىدە بىر تۈر ئۆمىكى تەسىس قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ پات يېقىندا قانۇن لايىھەسىنى تەييارلاشقا ۋە مۇمكىن بولغان قانۇن تۈزۈملىرىنى تەكشۈرۈشكە باشلىشى كۈتۈلمەكتە.

كۆرۈشۈش جەريانىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پارلامېنت ئەزالىرى گۇرۇپپىسىغا ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم تەلەپ بايان قىلىنغان يازما بايانات سۇندى. بۇلار ياپونىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ياكى بۇ يەردە تەھسىل ئېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئۇيغۇر رايونىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش ۋە چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنى قوغداشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فۇرۇيا بۇ تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش ئۈچۈن ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

### ھەل بولمىغان زۇلۇملار، يېڭىلانغان قوللاشلار

تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن ئۇيغۇر رايونىدىكى ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنىڭ ھېلىھەم ھەل بولماي كېلىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلىيەتنى رەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە مەسىلىنى كىچىكلىتىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ

بېيجىڭنىڭ چەتئەللىك زىيارەتچىلەر ئۈچۈن دۆلەت تەرىپىدىن تەشكىللىگەن «شىنجاڭ ساياھىتى»نى داۋاملىشىۋاتقان زۇلۇملارنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سەھنىلەشتۈرۈلگەن ئۇرۇنۇشلار دەپ تەنقىد قىلدى ھەمدە مۇستەقىل، ھەممىگە ئوچۇق خەلقئارالىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا چاقىردى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئالاۋۇدۇن بېيجىڭنىڭ چېگرا ھالقىغان باستۇرۇشلىرىغا بولغان ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلار چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا تەھدىت سېلىش ۋە باشقا دۆلەتلەردە مالىيە تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق بېسىم ئىشلىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باش ۋەزىر سانائى تاكايىچى 31-ئۆكتەبىر كۈنى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە بولغان ئېغىر ئەندىشىسىنى ئىپادىلىدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق رەئىسى دولقۇن ئەيسا تاكايىچىنىڭ مەيدانىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر ئۈمىد مەنبەسى دەپ سۈپەتلىدى. دولقۇن ئەيسا باشقا رەھبەرلەرنىمۇ تاكايىچىدىن ئۈلگە ئېلىشقا ئۈندىدى. دولقۇن ئەيسا كېيىن ئېلان قىلغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش باياناتىدا، تاكايىچىنىڭ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، مەسىلىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلىقىنى نامايان قىلغانلىقىنى، ھەمدە بۇ مەسىلىگە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرىگە ئۈمىد بېغىشلىغانلىقىنى قەيت قىلدى.

ئىنگلىزچىدىن ئۇچقۇن تەرجىمىسى

https://japan-forward.com/uyghur-congress-presses-japan-to-act-on-forced-labor-in-china/



# ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش ماھارىتى ۋە ئۆگىنىش ئادىتى

# ئۆنۈملۈك ئۆگىنىش ماھارىتى ۋە ئۆگىنىش ئادىتى

ئۆگىنىش ماھارىتى ھەر قانداق مائارىپ ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى. ئەنئەنىۋى ئۆگىنىش ئۇسۇلى، دائىم ھەممىگە ماس كېلىدىغان بىرلا خىل ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، ھالبۇكى ھەر خىل ئۆگىنىش ماھارەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىيالايدۇ. بۇ ماھارەتلەر پەقەتلا ئۆزىگىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغان ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تېپىشتىن باشقا يەنە چۈشىنىش ۋە ئەستە ساقلاشنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ھەر خىل ئۇسۇللارنى بىرلەشتۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. كۆرۈپ ئۆگىنىش ماھارىتى (Visual Learning Techniques)

كۆرۈپ ئۆگەنگۈچىلەر، مۇرەككەپ ئۇقۇملارنى چۈشىنىش ئۈچۈن رەسىم، دىئاگراممىا ۋە باشقا كۆرۈش قوراللىرىدىن پايدىلانغۇچىلاردۇر. بۇ ماھارەت تەپەككۇر خەرىتىسى ياكى ئۈچۈر گرافىكى تۈزۈشكە، نۇقتىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ياردەم بېرەلەيدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، رەڭ كودى ئارقىلىق ئىزاھلاش ۋە جەدۋەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆگىنىش مەزمۇنىنى تېخىمۇ كۆچەيتكىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇللارنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئابستراكت ئۇچۇرلارنى كونكرېت كۆرۈنۈشلەرگە ئايلاندۇرغاندا، ئىمتىھان جەريانىدا ئەستە تۇتۇشنى ئاسانلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

2. ھەرىكەتچان ئۆگىنىش ماھارىتى (Kinesthetic Learning Techniques)

ھەرىكەتچان ئۆگەنگۈچىلەر، ئۇچۇرلارنى ئاڭلاپ ياكى ئوقۇپ ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇپ، ياكى ئەمەلىي تەجرىبە ئارقىلىق ئۆگەنگۈچىلەردۇر. ھەرىكەتچان ئۆگەنگۈچىلەر ئۆز-ئارا تەسىر كۆرستەلەيدىغان ئۈسكۈنىلەردىن ۋە رېئال تۇرمۇشتا قوللىنىشچان پروگراممىلاردىن پايدىلىنىپ، نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق مۇستەھكەملىيەلەيدۇ.

3. ئاڭلاپ ئۆگىنىش ماھارىتى (Aural Learning Techniques)

ئاڭلاپ ئۆگەنگۈچىلەر لېكسىيە ۋە ئاۋازلىق كىتابلارنى ئاڭلاشنى، ھەمدە مۇنازىرىلەرگە قاتنىششنى ياخشى كۆرىدىغانلاردۇر. لېكسىيەلەردىن خاتىرە قالدۇرۇش ياكى ئەستە ساقلاشقا ياردەم بېرىش ئۈسكۈنىلىرىدە تەكرار ئاڭلاش ئارقىلىق ئېسىدە تۇتۇشقا تىرىشىدۇ.

4. ئاغزاكى ئۆگىنىش ماھارىتى (Verbal Learning Techniques)

ئاغزاكى ئۆگەنگۈچىلەر ئۇچۇرلارنى چۈشىنىش ۋە ئەستە ساقلاشقا ماھىر كىشىلەردۇر. بۇلار ئاۋازلىق ئوقۇش، مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىش ۋە خۇلاسە يېزىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلارنى ئىنچىكە تۈزۈش ۋە قىزىقارلىق مۇنازىرىلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىش قاتارلىقلار، تىل ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مۇرەككەپ تېمىلارنى چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

5. مەنتىقلىق ئۆگىنىش ماھارىتى (Logical Learning Techniques)

مەنتىقلىق ئۆگەنگۈچىلەر قۇرۇلمىلار، ئەندىزىلەر ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ماھىر بولغانلاردۇر. مەسىلىلەرنى مەنتىقلىق ئويلاش، تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇش، ھەمدە تەڭلىمىلەرنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىش ئابستراكت ئۇقۇملارنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرەلەيدۇ. پومودورو تېخنىكىسىغا (The Pomodoro Technique) ئوخشاش سىستېمىلىق ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ ئېشىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. پومودورو (Pomodoro) ئىتالىيىچە «پەمىدۇر» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، پومودورو تېخنىكىسى 1980-يىللارنىڭ ئاخىرىدا فرانچېسكو سىرىللو (Francesco Cirillo) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. ئۇ بىر خىل ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە جۇشقۇنلۇقنى ساقلاش مېتودى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە 25 مىنۇت دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەش ياكى ئۆگىنىش، ئاندىن 5 مىنۇت دەم ئېلىش ھەمدە مۇشۇنداق رەۋىشتە تەكرارلاشنى كۆرسىتىدۇ.

6. ئىجتىمائىي ئالاقە ئارقىلىق ئۆگىنىش ماھارىتى (Social Learning Techniques)

ئىجتىمائىي ئالاقە ئارقىلىق ئۆگەنگۈچىلەر باشقىلار بىلەن ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ۋە ھەمكارلىشالايدىغانلاردۇر. ئۇلار ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەش، توردىكى سۆھبەت يىغىنلىرىغا قاتنىشىش، تەتقىقاتلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە ئۆز-ئارا ئۆگىنىش ئارقىلىق نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە ئارقىلىق ئۆگەنگۈچىلەر باشقىلار بىلەن بىرەر تېما ئۈستىدە سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەر خىل كۆز-قاراشلارغا ئېرىشىدۇ. بۇ ماھارەت چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆگىنىشنى تېخىمۇ ھوزۇرلۇق ئىشقا ئايلاندۇرىدۇ.

7. يالغۇز ئۆگىنىش ماھارىتى (Solitary Learning Techniques)

يالغۇز ئۆگەنگۈچىلەر ئازادە ئۆگىنىش مۇھىتىنى يارىتىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە شەخسىي نىشان بەلگىلەشنى مۇھىم بىلىدىغانلاردۇر. ئۆزى تۈزگەن ئۆگىنىش قوللانمىلىرىنى ئىشلىتىش، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىدىن خاتىرە قالدۇرۇش، ھەمدە قەرەللىك ھالدا دەم ئېلىش — ئىلھام ۋە ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ساقلاشقا ياردەم بېرەلەيدۇ. يالغۇز ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈرلارنى مۇستەقىل قوبۇل قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت ۋە بوشلۇققا ئىگە بولغاندىلا ئىپادىسى ئالاھىدە بولىدۇ.

**چوڭ خاتالىق**

كۆپىنچە كىشىلەر سادىر قىلىدىغان چوڭ بىر سەۋەنلىك بولسا بىرلا خىل ئۆگىنىش ئۇسلۇبىغا ئەمەل قىلىش يېتەرلىك دەپ قاراشتۇر. ئەمەلىيەتتە، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ئۈستۈرۈش ھەر خىل ماھارەتلەرنى بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەقەت بىرلا خىل مېتودقا باغلىنىپ قالغاندا ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلىنىش ئىقتىدارى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ھەر خىل ئۆگىنىش ماھارەتلىرى ئارقىلىق ئوخشىمىغان پەنلەرنى ئۆگەنگىلى ھەمدە چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ھەر خىل ئۆگىنىش ماھارەتلىرىنى ئىگىلىگەندە، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، يەنە يېڭى بىلىملەرنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنىمۇ ئاشۇرالايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئۆگەنگۈچىلەر ئۆزىنىڭ بارلىق ئۆگىنىش ماھارەتلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ماسلاشتۇرالايدىغانلاردۇر.

## خۇلاسە

ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش ئىستراتېگىيىسىنى قوللانغاندا ئۆگىنىش ئادىتىنى ئۆزگەرتكىلى، شۇنداقلا ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ياخشىلىغىنى بولىدۇ. مەيلى كۆرۈپ ئۆگىنىش، ھەرىكەتچان ئۆگىنىش ياكى ئاڭلاپ ئۆگىنىشتىن قەتئىيىنەزەر، ھەر خىل ئۆگىنىش ماھارەتلىرىنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرگەندە تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكىنى بولىدۇ. شۇڭا، ئۆزىڭىزنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالماڭ. ئوخشىمىغان ماھارەتلەرنى سىناپ بېقىپ، ئۆزىڭىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغان ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى تېپىپ چىقالايسىز.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2025 -يىلى 11 – ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 11 – ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە)

# دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

(2026 - يىلى، 11 - ئاي)

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى:

**«ئۇيغۇر ھەرىكىتى» تەشكىلاتى 2025 ـ يىللىق دېموكراتىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى**

2025-يىلى 5-نويابىر، ۋاشىنگتوندا بېرىلگەن خەۋەرگە قارىغاندا، «ئۇيغۇر ھەرىكىتى» تەشكىلاتى (Campaign for Uyghurs) ئامېرىكا مىللىي دېموكراتىيە فوندى (NED) تەرىپىدىن 2025-يىللىق «دېموكراتىيە مۇكاپاتى» بىلەن تەقدىرلەندى. مەزكۇر تەشكىلات 2017-يىلى قۇرۇلغاندىن بېرى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىستېمىلىق باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشتا مۇھىم رول ئوينap كەلگەن ئىدى.

تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى رۇشەن ئابباس مۇكاپاتنى قوبۇل قىلغاندا سۆزلىگەن سۆزىدە، شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئاممىۋى تۇتقۇن، مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنى «ئاكتىپ ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ سۈپەتلىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرى سەۋەبلىك سىڭلىسى دوكتور گۈلشەن ئابباسنىڭ يەتتە يىلدىن بېرى ناھەق تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ خىتاي رېجىمىنىڭ چەتئەللەردىكى پائالىيەتچىلەرنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان «ئۇزۇن-تۇغقانلارنى جازالاش» قىلمىشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

رۇشەن ئابباس نۇتقىدا مۇھىم بىر ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئۇيغۇرلار دۈچ كېلىۋاتقان بۇ زۇلۇمنىڭ ئەمدى پەقەت بىر مىللەتنىڭ مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەگە قىلغان ئۇرۇشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى سىناق مەيدانى قىلىپ ياراتقان مۇستەبىت نازارەت سىستېمىسىنى ئەمدىلىكتە دۇنياغا ئېكسپورت قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتتى.

بۇ مۇكاپات 1989-يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن تىكلەنگەن «دېموكراتىيە ئىلاھى» ھەيكىلىنىڭ نۇسخىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىككە بولغان ئۈچمەس ئىنتىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. رۇشەن ئابباس خانىم بۇ مۇكاپاتنى سىڭلىسى گۈلشەن ئابباسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئاۋازى بوغۇلغانلارغا ۋاكالەتەن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ھەرگىز توختاپ قالمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

https://www.ned.org/campaign-for-uyghurs-2025-democracy-award-honoree/

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى:

**«ھەممە ئۈچۈن ئادالەت» تەشكىلاتى گېرمانىيەنىڭ ئۇيغۇر ئايالنى خىتايغا قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئەيىبلىدى**

«ھەممە ئۈچۈن ئادالەت» (Justice For All) تەشكىلاتىنىڭ «ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش» ھەرىكىتى 2025-يىلى 10-نويابىر بايانات ئېلان قىلىپ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 56 ياشلىق رىزۋانگۈل بەكرىنى 3-نويابىر كۈنى خىتايغا مەجبۇري قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە بۇ ۋەقە ئۈستىدىن جىددىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

گەرچە رىزۋانگۈل بەكرى بېيجىڭدىن مۆجىزە خاراكتېرلىك قېچىپ چىقىپ، تۈركىيەگە ساق-سالامەت يېتىپ بارغان بولسىمۇ، تەشكىلات رەھبەرلىرى بۇ ۋەقەنى گېرمانىيە پاناھلىق سىستېمىسىنىڭ ئېغىر مەغلۇبىيىتى ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق نىزامنامىلىرىگە تامامەن خىلاپ قىلمىش دەپ كۆرسەتتى. گېرمانىيە 2018-يىلى بىر ئۇيغۇر ياشنى خىتايغا قايتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، بۇنداق خاتالىقنى قايتا سادىر قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن ئىدى.

تەشكىلات رەئىسى ئابدۇلمالىك مۇجاھىد گېرمانىيەنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقان بىر رېجىمغا پاناھلانغۇچىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى «ئەقىلگە سىغمايدىغان قىلمىش» دەپ ئاتىدى. «ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش» ھەرىكىتىنىڭ مەسئۇلى ئارسلان ھىدايەت گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خاتالىققا قانداق يول قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشنى ۋە جاۋابكارلارنى تېپىپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

باياناتتا يەنە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا قانۇندىكى «قايتۇرماسلىق» مەجبۇرىيىتىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشى، ب د ت مۇساپىرلار مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنى قوغداشنى كۈچەيتىشى چاقىرىق قىلىندى.

https://www.justiceforall.org/save-uighur/justice-for-alls-save-uyghur-campaign-condemns-germanys-deportation-of-uyghur-woman-to-china-calls-for-accountability/

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى:

**ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەدىكى بىخەتەرلىك ئەندىشىسى**

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى (HRW) ئېلان قىلغان «بىخەتەرلىك ئەمدى يوق: تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار» ناملىق دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي سالاھىيەت ۋە بىخەتەرلىك جەھەتتىن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دوكلاتنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

چەكلىمە كودى ۋە بېسىم: تۈركىيە دائىرىلىرى يېقىنقى يىللاردا خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلارغا ھالدا «G87» (ئومۇمىي بىخەتەرلىككە تەھدىت) كودى قويۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرۇش رۇخسىتىنى بىكار قىلغان ياكى ۋەتەنداشلىق ئىلتىماسلىرىنى رەت قىلغان. بۇ كودلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي تەمىنلىگەن خاتا ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى تۇيۇق يولغا ئىتتىرمەكتە.

تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى: نۇرغۇن ئۇيغۇرلار يىپىق تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىگە قامالغان، ئۇ يەرلەردە ناچار شارائىت، تەن جازاسى ۋە «ئۆز ئىختىيارى بىلەن قايتىش» قەغىزىگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرلىنىش قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئۇچرىغان. تۈركىيە سوتلىرى كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇ كودلارنى مەنبە قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قايتۇرۇلماسلىق ھوقۇقىغا سەل قارىغان.

خەلقئارالىق چاقىرىق: دوكلاتتا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇشنى دەرھال توختىتىشى، چەكلىمە كودلىرىنى بىكار قىلىشى تەلەپ قىلىنغان. شۇنداقلا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تۈركىيەنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن «بىخەتەر دۆلەت» دەپ قارىماسلىقى ۋە ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنى قوبۇل قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

دوكلات تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىلگىرىكىدەك بىخەتەر پاناھگاھ بولۇشتىن قېلىۋاتقانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان.

https://www.hrw.org/report/2025/11/12/protected-no-more/uyghurs-in-turkiye

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى:

**«ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نىڭ ئىجرا قىلىنىشى**

ئامېرىكا تاموژنا چېگرا قوغداش ئىدارىسى ئورگان تور بېتىدە مۇنداق دوكلات ئېلان قىلىندى:

ئامېرىكا پرېزىدېنتى جو بايدېن 2021-يىلى 23-دېكابىر «ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» (UFLPA) نى ئىمزالاپ ماقۇللىغان ئىدى. بۇ مۇھىم خەلقئارالىق سودا قانۇنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە قاراتقان سىستېمىلىق مەجبۇري ئەمگەك سىياسىتىگە قايتۇرۇلغان كۈچلۈك ئىنكاستۇر. خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە دۇنيا مىقياسىدا 28 مىليونغا يېقىن كىشى مەجبۇري ئەمگەكنىڭ قۇربانى بولماقتا.

ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى (CBP) بىر نەچچە ئايلىق جىددىي تەييارلىقتىن كېيىن، 2022-يىلى 21-ئىيۇندىن باشلاپ مەزكۇر قانۇنىنى رەسمىي ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. قانۇندىكى «ئالدىن پەرەز قىلىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر رايونىدا پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ئىشلەپچىقىرىلغان بارلىق ماللار «مەجبۇري ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان» دەپ قارىلىدۇ ۋە ئامېرىكا بازىرىغا كىرىشى چەكلىنىدۇ. بۇ تەدبىر ئامېرىكىدىكى خىزمەت پۇرسەتلىرىنى قوغداش، ئادالەتسىز ئىقتىسادىي رىقابەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە خاتىمە بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

نۆۋەتتە، مەجبۇري ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئامېرىكا بازىرىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنىدىغان قىلمىشلار قانۇن ئىجراسى ئۈچۈن يەنىلا بىر خىرىس بولۇپ تۇرماقتا. مەسىلەن، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، خىتايدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان چىلانلارنىڭ 50 پىرسەنتى ئۇيغۇر رايونىدىن كېلىدۇ. مەزكۇر قانۇن يولغا قويۇلغاندىن كېيىنمۇ، بۇ رايوننىڭ چىلانلىرى ئامېرىكا. تاللا

بازارلىرىدا يەنىلا كۆرۈلمەكتە. بۇ خىل ئەھۋاللار قانۇن ئىجراسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى مەزكۇر قانۇننى تولۇق ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ قانۇندىن قاچۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرىغا ئۈزلۈكسىز تاقابىل تۇرماقتا. مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى پەقەت ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى بازاردا ئادالەتسىز رىقابەت پەيدا قىلىپ، ئىستېمالچىلارنى بىلمەستىن زۇلۇمغا شېرىك بولۇپ قېلىش خەۋپىگە دۇچار قىلىدۇ. شۇڭلاشقا تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ پاكىز بولۇشىنى روياپقا چىقىرىش ۋە جىنايى تەشكىلاتلارنىڭ مالىيە مەنبەسىنى توسۇش ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلماقتا.

خاتىمە قىلىپ ئېيتقاندا، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» پەقەت بىر سودا چەكلىمىسىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي قەدىر-قىممەتنى قوغداشنىڭ مۇھىم كاپالىتىدۇر. بۇ قانۇننىڭ ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشى خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى زۇلۇملىرىغا جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. دۇنيا بازارلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەكتىن خالىي بولۇشى ۋە تەمىنلەش زەنجىرىدىكى قۇللۇق ئەمگىكىگە خاتىمە بېرىش كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەتلەيدىغان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتىدۇر.

https://www.cbp.gov/frontline/implementing-uyghur-forced-labor-prevention-act

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى:

## قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق كىرزىسى

ياۋرو - ئاسىيا تورى «قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى تور دەۋرىدە ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشماقتا» ناملىق بىر ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

ئالماتىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى غۇلجا يولى بويىدا ھەر يىلى ياز پەسلىدە توي-تۆكۈنلەرنىڭ دۇمباق سادالىرى ۋە تەنتەنىلىرى ياڭرايدۇ. بۇ زەردار تويلار پەقەتلا بىر ئائىلىدىكى مۇراسىم بولۇپ قالماستىن، بەلكى مىڭلىغان كىشىلەرنى ئىش بىلەن تەمىنلەيدىغان غايەت زور «توي ئىقتىسادى» غا ئايلانغان. قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن بۇ خىل داغدۇغىلىق تويلار مەدەنىيەتنى يېڭىلاش، كوللېكتىپ جەمئىيەت كىملىكىنى ساقلاش ۋە خەلق ئارىسىدا «يۈز بىلەن چىقىش» (ئىناۋەت تىكلەش) پۇرسىتىدۇر.

ئالماتىدىكى «دوستلۇق» (Druzhba) مەھەللىسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنىڭ ئەنئەنىۋى قورغىنى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ يەردە ئۇيغۇر مەكتەپلىرى، ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە تۇرپان دەپ نام بېرىلگەن دۇكانلار، نان ۋە سامسا پۇراپ تۇرىدىغان ناۋايخانىلار مەۋجۇت. لېكىن، ئالماتىنىڭ تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشى ۋە شەھەر ئۇل-ئەسلىھەلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن، مەھەللە شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سىزىقىغا ئايلىنىپ، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان جەمئىيەت ئالاقىسى كۈچەيمەكتە.

زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش ۋە رۇس تىلىدىكى مائارىپقا بولغان ئېھتىياج ياش ئەۋلادلار ئارىسىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن رۇس مەكتەپلىرىنى تاللىماقتا. گەرچە ئۇيغۇر تائاملىرى ئالماتىدا ئىنتايىن ئالقىشقا ئېرىشىپ، نۇرغۇن غەيرىي مىللەت خېرىدارلىرىنى جەلپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، تىل ۋە نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىجىللىقىغا خىرىس ئېلىپ كەلمەكتە. خۇلاسە قىلغاندا، قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت چىدامچانلىقىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن زامانىۋىلىشىش قاينىمىدا ئېغىر تىل ۋە كىملىك ئۆزگىرىشىگە يۈزلەنمەكتە.

https://eurasianet.org/kazakhstan-uyghurs-striving-to-preserve-culture-amid-digital-age-pressures

ئۆ. ئالماس تەييارلىدى


ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival